
مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال
MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE
MIRAS
美拉斯
ميراس
5
2009
ISSN 1004-3829
10>

www.uyghurkitap.com



ئەكبەر تۇرسۇن سىزغان



ئېلى ئىسمائىل سىزغان

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2009 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 115 - سان)

## ئايدىڭ كېچىلەر

پارتىيىنىڭ دەۋرىدە ......................................... (1)

## ئەينەك

شەھەرلەردە ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان ئادەتلىرىمىز ..............

............................................ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (2)

سورۇندارچىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ۋە مەنىۋى غۇربەتچىلىك ........

............................................ تۇرسۇنمۇھەممەد توختى (27)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى پەرھىزلىك قاراشلىرى... قەيسەر مەمتىمىن تېكىن (6)

ئۇيغۇرلاردا سۈننەت قىلىش ئادىتى ..... ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق (58)

ئۇيغۇرلاردىكى سۈت - قېتىقچىلىق كەسپى ۋە ئىستېمال ئادىتى .....

............................................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (59)

## كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق

ئۇ مۇھەببەتكە موھتاج........................ خۇرسەنئاي مەمتىمىن (18)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

كۈچ بىرلىكتە.......................................... (25)

## گۈزەللىك ئۈندۈر، توققۇزى توندۇر

كۈچا مەشرەپلىرىدىكى كىيىم - كېچەكلەر ....... تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم (34)

باش كىيىم توغرىسىدا ......................... ئابلىمىت ئابدۇراخمان (43)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

مۇقام ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى شەرتلەر ....................

............................................ تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش (37)



باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ....... ئايدىن نەبى (40)
كەسپىي ئەخلاق توغرىسىدا .......................... يادىكار ئۆمەر (50)
ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە
ئويلىغانلىرىم ...................................... رەيھانگۈل كېۋىر (68)

### يورۇق يۇلتۇزلار

تەۋەررۇك مۇقامچى مەتنۇرى ئاخۇن ................ زۇلپىقار ئابدۇللا (53)

### مىراسلىرىمىز

ئونىۋدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ... ئابدۇسالام ئۆمەر (55)

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

بىر جۈپ ئارتۇق كۆز ................ شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (71)

### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ئەقىللىق شاھزادە........................................................ (73)

### كۈلكە — جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ........................................ ئىرشادى تەرجىمىسى (76)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن**
**تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ**

1 ـ، 4 ـ بەت مۇقاۋا رەسىملىرىنى جاپپار **مۇھەممەد** تارتقان.
(قۇتاد سودا سارىيىدىن)

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ، 3 ـ بېتىدىكى سۈرەتلەرنى **ئېلى ئىسمائىل، ئەكبەر تۇرسۇن** تەمىنلىگەن.
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **يالقۇن غازى، ھۆسەنجان قاسىملار** تەمىنلىگەن.
بەت ئاستىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى قاغىلىق ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدىن **سىدىق تۇردى** تەمىنلىگەن.

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
(法人代表)
编缉：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
本期责人编缉：
**努尔尼沙·巴克**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# پارتىيىنىڭ دەۋرىدە

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقتى،
كۈنگە كۈلۈپ قارىدىم.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
كاككۇك بولۇپ سايرىدىم.

تاڭلار ئېتىپ كۈن چىقىپ،
ئازاد بولدۇق ياشىدۇق.
خۇشاللىقتا دېھقانلار،
نەغمە - ناۋا باشلىدۇق.

بۇغداي ئوردۇق ئېتىزدا،
ئىشچى سوققان ئورغاقتا.
تاپقان ئاشلىق ئۆزىمىزنىڭ،
توڭلىمايمىز سوغۇقتا.

ئەمدى بىزنىڭ يېزىدا،
يېڭى تۇرمۇش باشلاندى.
كونىلىققا ئوت قويدۇق،
كۈلى سورۇپ تاشلاندى.

ئۇرۇق سالدىم چۆنەككە،
چىلگە چۈشتى پىلەككە.
پارتىيەمنىڭ سۆزلىرى،
زەپمۇ ياقتى يۈرەككە.

يېزىمىزنىڭ بېغىدا،
ئالما، ئانار، گىلاس بار.
كۆڭلىمىزدە ئۆمۈرلۈك،
پارتىيىگە ئىخلاس بار.

«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»نىڭ 4 - تومىدىن تاللاندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەھەرلەردە ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان ئادەتلىرىمىز



غالىب مۇھەممەد قارلۇق

شەھەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ساپلىقتىن يىراق داشقايناق كارتىنىسى. بۇ يەردە تۇرمۇش رىتىمى تېز، تىرىكچىلىك شاۋقۇن - سۈرەنلەرگە تولغان بولىدۇ. تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، كۆز قاراشلىرىمۇ تاشقى تەسىرلەرنىڭ غىدىقلىشىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. شۇڭا «مودا»، «ھەشەم - پەشەم»، «يېڭىلىق»، «زامانىۋىلىق» دېگەنلەرمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن شەھەردە بىخ سۈرۈپ، ئاندىن يېزىلارغا كېڭىيىدۇ. شەھەرلەردە ماددىي ئىستېمالغا يارىشا مەنىۋى ئىستېمالمۇ ئوخشاشلا تاۋارلاشقان بولىدۇ. بۇ يەردە يېڭىلىقمۇ ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم ئاسان كونىرايدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەر شەھەردە قايتىدىن چېچەكلەيدۇ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ئاستا - ئاستا توزۇپ كېتىدۇ. ئالدىراشچىلىققا تولغان بۇ يەردە گاھىدا ئادەمنىڭ خىيال سۈرۈشىگىمۇ، «تووۋا قىلىشى»غىمۇ ۋاقىت چىقماي قالىدۇ. ئادەم ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋەتتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ كونىراۋاتقانلىقىنى، ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ياكى يوقىلىپ ئۇنتۇلۇۋاتقانلىقىنى، يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. مەنمۇ ئالدى - كەينى بولۇپ چوڭ شەھەردە ياشاۋاتقىلى ئون يىلچە بولۇپ قالدى، بۇ جەرياندا مەن شەھەرنىڭ قىياپىتىدە يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىدە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى، ئىستېمال سەۋىيىسى، ئاڭ - قاراشلىرىدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھەم كۆردۈم. ئەمما، بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ھەم يېتىلدۈرگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن قىسمەن تەركىبلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىپ ياكى ئاينىپ،

سۇسلىشىپ ياكى ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانمايمۇ تۇرالمىدىم. تۆۋەندە ئەنە شۇ ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان ئېسىل ئادەتلىرىمىزدىن بىر نەچچىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلماقچىمەن:

1

يېقىندا بىر دوستۇم مېنى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. مەنمۇ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى قىلىپ» ماقۇل دەپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بار ئىكەنتۇق. يەنى دوستۇمنىڭ دوستىنىڭ ئايالى يەڭگىپ 15 كۈندەك بوپتىكەن. مەن سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدۇم. ئەمما دوستۇم ۋە ئۇنىڭ دوستى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەركىن - ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئارىلىقتا مەن دوستۇمغا: « ئايالى يەڭگەندى دەپ قويساڭ بولماسمىدى»، دېگەندەك قىلىپ دوق قىلىۋىدىم، دوستۇم: «ۋاي، نېمە بولماقچىدى، ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتمىگىنە»، دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. قايتقاندىن كېيىن دوستۇمغا: «ئادەتتە تۇغۇتلۇق ئۆيگە ئايالنىڭ قىرىقى توشقىچە ئۆي ئىگىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ - چىقىشىغا بولمايتتى»، دېسەم، دوستۇم ماڭا بۇنىڭ كونا زاماندىن قالغان ئادەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى، راستىنى دېگەندە بۇنى ئۆزىنىڭمۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، دوستىنىڭ تەكلىپى بىلەن بارغانلىقىمىزنى ئەسكەرتتى. قارىغاندا دوستۇم ۋە ئۇنىڭ دوستىمۇ خەلقىمىزدىكى بۇ ئادەتتىن خەۋەرسىزدەك قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزدە تۇغۇتلۇق ئۆيگە قالايمىقان ئادەم كىرىپ - چىقىشى پەرھىز قىلىنىدۇ. شۇڭا تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇش ئېغىرئاياغ ئايالنىڭ كۆزى يورۇغاندىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ قىرىقى توشقانغا قەدەر جەمئىي قىرىق كۈن ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت تۇغۇت جەريانىدا زىيادە كۈچىنىش جىسمانىي جەھەتتە بەكلا ئاجىزلاپ كېتىدىغان ئايالنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارمۇ بۇ دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بولغاچقا بەدىنى ئاجىز، ئىممۇنىتېت كۈچى تۆۋەن بولىدۇ. ئانىبالىنىڭ (بوۋاقنىڭ)ياخشى ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىنىڭ ھەممىلا ئادەمگە «ئۆيىمىزدە تۇغۇتلۇق ئايال بار، ۋاقتىنچە كىرمەي تۇرۇڭلار» دەپ ئۇقتۇرۇپ بولالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان، جۇلالىق قىزىل رەڭلىك لاتىنى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق يۇقىرىقى مەقسەتنى ئىپادىلەش ئادىتى تەدرىجىي شەكىللەنگەن، مېنىڭچە بۇ ئادەتنىڭ پايدىسى باركى زىيىنى يوق.

2

توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەھىرىمىزدىكى مەلۇم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالدىم. قورۇدا ئۇيغۇر ئائىلىلىكلىرىمۇ يەتتە - سەككىزگە يېتەتتى. بىز بۇ قورۇغا ماكانلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئايالىم بىر قاچا تاماقنى قوشنىمىزغا سۇنغىلى كىرىپ كەتتى. بىراق، ھايالشمايلا چىرايىنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ چىقتى. مەن «بىر ئىش بولدىمۇ» دېگەن قىياپەتتە ئايالىمنىڭ چىرايىغا قارىدىم.

— يولدىشى يوق ئىكەن، ئايالى بار ئىكەن. تاماق ئەتكەندىم، تېتىپ باقارمىكىن دەپ ئېلىپ كىرگەندىم دېسەم، بىر نەرسىگە ھەيران قالغاندەك چىرايىمغا تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئارقىدىن «يولدىشىم مەلۇم ئىش بىلەن بازارغا كەتكەن. مەن بولسام ھېلىراقتا سىرتتا تاماق يەپ قايتىپ كىرگەندىم» دەيدۇ، «ئەكەلسىلە قوللىرىدىكى چىنىنى ئالاي» دېمەيدۇ.

— سىز بىر نەرسە دېمىدىڭىزمۇ؟

— ئەسلىدە قايتىپ چىقاي دەپ ئويلىغاندىم. بوپتۇلا «تاماق سۇناي دېگەن گۇناھ ئۆزۈمدە»دەپ يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە تاماقنى مېھمانخانا ئۆيدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇپلا «باللارنىڭ دادىسى ساقلاپ قالدى، مەن چىقاي ئەمىسە» دەپلا قايتىپ چىقتىم. ھەي، ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم، — دېدى.

مەن بۇ ئىشتىن سەل ئەپسۇسلاندىم. خەلقىمىزنىڭ قوشنىدارچىلىق ئەنئەنىسىدىكى بىر ئېسىل ئادەت بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلەردىكى كىشىلىرىمىز ئارىسىدا سۇسلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇنداق ياتلىشىش، ئادەت «ساۋاتسىزلىقى» يالغۇز قوشنام بىلەنلا چەكلەنمىسە كېرەك. بىر بىنادا ئۇزاق يىل

بىللە ئولتۇرۇپمۇ كىرىش ـ چىقىش قىلمايدىغان، ھەتتا ئۇـ
دۇلمۇ ئۇدۇلدىكى ھەقەمسايە قوشنىسىنى تونۇمايدىغان
ئەھۋاللار شەھىرىمىزدە خېلىلا كۆپ. قوشنىلارئارا ئەپ
ئۆتمەي جېدەل ـ ماجىرا قىلىدىغان ئەھۋاللارغا نېمە دەي
تېخى؟!... كىشىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق
بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولۇنغان ھا ـ
زىرقى شارائىتتا ھېچكىم ھېچكىمگە زار ئەمەس. قوشنى ـ
لارئارا تاماق سۇنۇشتا قانداقتۇر باشقىچە بىر مەقسەت
ياكى قارشى تەرەپنىڭ «ئاچ قالغانلىقى» كۆزدە تۇتۇلغان ـ
مۇ ئەمەس، بەلكى ئوخشىغان بىر ۋاقىتلىق ئىسسىق تاماق ـ
تىن قوشنىلارنىمۇ تەڭ بەھرىلەندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئى ـ
ناقلىق، ئىتتىپاقلىق، چۈشىنىشنى كۈچەيتىش، باردى ـ
كەلدىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، قوشنىلارئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ـ
نى ئۇلغايتىش ئۈچۈندۇر، خالاس.

3

ئۇزاقتىن بۇيان ھېيتنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن
بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر ھېيتتا يۇرتقا بېرىپ كېلەت ـ
تىم، بۇ قېتىم ھېيتنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا
كەلدى. بىراق، نېمىشقىدۇر بۇ يەردە ھېيتنىڭ تازا «سۈل ـ
كىتى» نى ھېس قىلالمىدىم، يۇرتلاردىكىگە ئىنتايىن
روشەن سېلىشتۇرما ھالدا بۇ شەھەردە ئاندا ـ ساندا
ھېيتلاش، يەككە ھېيتلاش، ئۆزى بىلەن ئۆزى ھېيتلاش
گەۋدىلىك ئىدى. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى قورۇدىكى
قولۇم ـ قوشنىلار ئارا ھېيتلايلى دېسەك، ئۇ ـ بۇ سەۋەب ـ
لەر بىلەن بەزىلەر ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى. بىر ـ
ئىككى قوشنىمىز بار ئىكەنتۇق، شۇلارنىڭكىدە ھېيتلىغاچ،
ئۆيگە ھېيت پەتىسگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ قايتىپ
چىقتۇق. ئەتىسى قارىساق ئۇلارمۇ يوق، باشقىلار يەنە
يوق. ئۆگۈنلۈكىمۇ ھەم شۇنداق... شۇنىڭ بىلەن ئىشىك ـ
نى «گۇم» تاقاپ، بىزمۇ «يىراقتىكى» دوستلارنىڭكىگە
ھېيتلىغىلى ئاتلاندۇق. شۇنداق قىلىپ ھېيتمۇ ئۆتۈپ
كەتكەن بولدى. ئارىلىقتا ھېيتتا كۆرۈشەلمىگەن قوشنىلار ـ
دىن بىر ـ ئىككىسى ئۇچراپ قېلىپ «ھېيتلاشساق ياخشى
بولاتتى، شۇغىنىسى چوڭلار بىلەن، دوستلار بىلەن ھېيتلى ـ
شىمىز دەپلا ئۆتۈپ كەتتىغۇ بۇ ۋاقىت ئالدىراشچىلىقتا»
دەپلا گەپنى تۈگەتتى. «راست، بىر قورۇدىكى قولۇم ـ
قوشنىلار تۇرۇپ ئۆزئارا ھېيتلاشقا ئازراقمۇ ۋاقىت ئاج ـ
رىتالمىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئالدىراش ئوخشايمىز ـ
ھە؟» دەپ ئويلىغاچ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ھېيتتىن
كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ئەتراپىمىزدىكى تونۇش ـ بىلىش ـ
لەرنىڭ ئاغزىدىن «ۋاي، بۇ ئۈرۈمچىدە ھېيت پەتىسى
تازا تۈزۈك بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ھېيتنى ئۆزىمىز
بىلەن ئۆزىمىز ئۆتكۈزىدىغان گەپ! ئىشىكنى تاقاپ، قا ـ
زانغا سالغان گۆشنى ئۆزىمىز مەززە قىلىپ يېگەچ، شور ـ
پىسىنى ئىچىپ ئولتۇرىمىزغۇ، شۇ...» دېگەندەك گەپ
سۆزلەرنى كۆپ ئىشىتىپ، ئۆزۈمگە تەسەللى تاپقاندەك
بولدۇم. شۇغىنىسى، يۇرتۇمدىكى ھېيت تەنتەنىسى كۆ ـ
زۈمگە گۈل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ھېيت بىزنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئەنئەنىۋى
بايرىمىمىز. ھېيتتا ئۆزئارا پەتىلەش ھېيتىمىزنىڭ ئەقەللىي
قائىدىسى ھەم بىر كۆركى. ئادەتتە ھېيتتا «ئالاھىدە»
تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ (ئەنئەنە بويىچە بۇنداق قىلىشنىڭ
زىنھار ھاجىتى يوق) ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ جامائەت
بولۇپ ھېيتلىشىش كېرەك ئىدى. ئەمما تەكلىپ قىلىپمۇ،
سەپەرۋەرلىك قىلىپمۇ ئۆزئارا پەتىلەشكىلى بولمىسا،
ئەمدى ھېيتنىڭ نېمە مەنىسى، نېمە مەززىسى، نېمە خاسى ـ
يىتى قالدى؟

4

ئۆتكەندە بىر دوستۇمنىڭ دادىسى ماڭا تېلېفون
قىپتۇ: «بالام، ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسىڭىز»، مەن ماقۇل
دېدىم ۋە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە باردىم. ئەھۋاللىشىش
جەريانىدا مەلۇم بولدىكى، دوستۇم چوڭ ئۆيگە كەلمىگى ـ
لى ئىككى ئايچە بوپتۇ. تېلېفوندا ئاز ـ تولا سالام ـ
سەھەت قىلغاندىن باشقا بىۋاستە ئۇچرىشىپ باقماپتۇ،
قىسقىسى يوقلاپ كەلمەپتۇ. «بىز ئۇنىڭ پۇلىغا، سوۋغا ـ
سالىمىغا قاراشلىق ئەمەسقۇ، پەقەتلا شۇ دىدارىنى كۆرۈش ـ
كە خۇمار بولۇپ، بالا مېھرىمۇ ئاخىر...» دېگەنلەرنى
قوشۇپ قويدى ھەدىمىز. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ دوستۇمغا
«ئىدىيىۋى تەربىيە» ئىشلىشىمنى ئۆتۈنۈپ ماڭا تېلېفون
قىلغانىكەن. مەن ئەتىسىلا ۋاقىت چىقىرىپ دوستۇم بىلەن
پاراڭلاشتىم. دوستۇم باشتا سەل ھەيران قالغاندەك
بولدى، خىجىل بولغاندەكمۇ بولدى، «مۇشۇ ئىشنىمۇ
ساڭا ئېيتىپ، ھاۋالە قىلىپ يۈردىمۇ، تازا قاملاشمىغان
ئىشتە بۇ...» دېگەندەك قىلىپ سەل خاپا بولغانمۇ
بولدى ۋە ئاخىرىدا: «يېقىنىنىڭياقى ئىشلىرىم ئالدىراش
بولۇپ كېتىپ يوقلاپ بارالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىم ـ

نىڭ بىزنىڭ چوڭلاردىن سەل رەنجىشى بار، ئۇ مېنىڭ بېرىشمنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ۋاي، تېلېفوندا كۆرۈشكەندىن كېيىن بولمىدىمۇ» دەپ گېپىنى خۇلاسىلىدى. «ماۋۇ گېپىڭلار تازا قاملاشمىدى ئاداش، تېلېفوندا ئەھۋال سوراش باشقا گەپ، ئالدىغا بېرىپ دىدارلىشىپ ئەھۋال سوراش باشقا گەپ. سەنمۇ بىر كۈنلەردە قېرىلىق يېشىغا يەتكەندە ئاندىن بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىسەن ئاداش...» دېگەچ بىر مۇنچە قائىدە، نەسىھەتلەرنى سۆزلىگەن بولدۇم.

ئاتا ـ ئانا ئۇلۇغ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئۆمۈر ھەر ۋاقت بالا غېمىدە يېنىپ ـ ئۆچىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنى دائىم يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئەقەللىي پەرھىزى ھەم قەرزى. ئەخلاقىمىزدا ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە بۇ تەرەپ ناھايىتى روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇ سەۋەبمىكىن، يېقىندا تور، گېزىت، تېلېۋىزىيىلەر ئارقىلىق ئاشكارا قىلىنغان «خارلانغان ئاتا ۋەقەسى» جەمئىيىتىمىزنى كۈچلۈك «زىلزىلە» گە كەلتۈرۈۋەتتى، جەمئىيەتنىڭ تەنقىد ـ نەپرىتىگە ئۇچرىدى. ھەقىقەتەن شەھەرلەردە تۇرمۇش رىتىمى تېز، خىزمەت ئالدىراش. لېكىن، ھەرقانچە ئالدىراش بولساقمۇ، شۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت، پۇرسەت تېپىپ، چوڭلارنى يوقلاشقا ئىمكانىيەت چىقىدىغۇ؟ گەپ يەنىلا ئۆزىمىزدە!

5

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرستى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېڭىدىن ئاياغ باسقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ چاغدىكى بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ: يۇرتلۇق بىر تونۇشىمىزنى ئىزدەپ مەلۇم بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا باردىم. تونۇشىمىز ئۆز ئۆيىنىڭ ئاشۇ قورۇدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. سۈرۈشتۈرۈپ قايسى بىنا، قانچىنچى كورپۇس ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدىم، لېكىن قانچىنچى قەۋەت، نەچچىنچى نومۇرلۇق ئۆي ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. مەن بىناغا كىرىپ دەماللىققىلا بىر ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىكنى ئىككى قېتىم چەككەندىن كېيىنلا ئۆي ئىچىدىن: «كىم، كىممۇ، كىمنى ئىزدەيسىز» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. «مەن» دېدىم مەن قىسقىلا قىلىپ. ئۆي ئىچى سەل جىمىپ كەتتى، «مۇشۇك كۆزىدىن مېنى كۆرۈۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم مەن. بىردەمدىن كېيىن ئىچكى ئىشىك ئېچىلدى، تاشقى مۇداپىئە تۆمۈر ئىشىكى يەنىلا ئېتىك. ئۆي ئىگىسى ماڭا: «نېمە ئىش»، دېگەندەك قىياپەتتە قارىدى. مەن غوپۇر ئاكامنىڭ ئۆيىنى سورىدىم. ئۆي ئىگىسى تولىمۇ سوغۇق ئەلپازدىلا: «5 ـ قەۋەت، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي» دېدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ سۆزلىشىشىمىز خۇددى تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆي ئىچىدىكى مەھبۇس بىلەن سۆزلىشىشكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. مەن ھەشقاللا ئېيتتىم، ئۆي ئىگىسىدىن باشقا سادا چىقمىدى، ئارقىدىنلا ئىشىكنىڭ «گۈپ» قىلىپ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھال مېنىڭ كەيپىياتىمغا تولىمۇ سوغۇق سۇ سەپتى. كېيىنكى مەزگىللەردە مۇنداق ئىشلارغا تولا يولۇقۇپ، بۇنداق ئىشلار ماڭا يات تۇيۇلمايدىغان بولۇپ كەتتى. مەن باشقىلاردىنمۇ مۇشۇ خۇسۇستىكى ئىشلارنى ئاڭلىدىم، شۇڭا ئانچە ھەيران قالمايدىغان بولدۇم، ئەمما كۆڭلۈم غەش ئىدى.

بىز ئۇيغۇرلاردا ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى ئامال بار خۇش تەبەسسۇم بىلەن راۋا قىلىدىغان بىر ئېسىل ئادەت بار. بىز تونۇيلى ياكى تونۇمايلى، بوسۇغىمىزغىلا بىرەرسى كېلىپ قالغۇدەكلا بولسا، ئالدى بىلەن چىرايلىقچە ئۆيگە باشلاپ سالام ـ سەھەت قىلغاچ، بىر پىيالە ئىسسىق چايىنى «مېھمان»نىڭ ئالدىغا قويىمىز. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي مەقسەت ـــ پاراڭ تېمىسىغا كېلىمىز. بۇنىڭدىن «ياردەم سورىغان» ئادەمنىڭمۇ قەلبى بۆلەكچىلا ئېلىپ قالىدۇ، ئۆزىمىزمۇ خۇش بولۇپ قالىمىز. مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاقىي ئادەمگەرچىلىك ئادىتى بۈگۈنكى شەھەرلىرىمىزدە نەزەرگە ئېلىنماس ياكى «ئىشلىتىلمەس» بولۇپ قالدى.

ئەزىز ئوقۇرمەنلەر، يۇقىرىدا قەيت قىلغانلىرىم ھەرگىز ئومۇملۇققا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، مۇشۇنداق ياخشى، ئېسىل ئادەتلەرنى ھېلىھەم داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلار يەنىلا بار. لېكىن ئىنچىكە قارايدىغان بولساق، مۇشۇنداق ئادەتلىرىمىز شەھەرلەردىكى خەلقىمىز ئىچىدە راستىنلا سۇسلىشىشقا، ھەتتا تاشلىۋېتىلىشكە، ئۇنتۇلۇشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مۇلاھىزەم ھەرگىزمۇ بىھۇدىلىك ئەمەس، دەپ قارايمەن.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى پەرھىزلىك قاراشلىرى

قەيسەر مەمتىمىن تېكىن

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ئەسىرلەر مابەينىدە ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك ماكانى، تەبىئىي شارائىتى، تارىخ- كەچمىشلىرى، ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى، ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇنلىرى، مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى ئا- ساسىدا شەكىللەنگەن ھەم شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەنى- ۋىيىتىنى بېيىتىپ، ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغۇچى پەرھىز، ئەخلاق- مىزان، ئۇدۇم- پرىنسىپلىرى بولىدۇ①. بۇنىڭ ئىچىدە پەرھىز، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەن- چىسىدىكى تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنى رەنجىتمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماسلىق، ئۆزىنى ۋە سىرتقى مۇ- ھىتنىكى ئالاقىسى نىسبەتەن قويۇق بولغان تەبىئەت ئا- مىللىرىنى قوغداش مەقسىتىدە ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەت- لىرىنى مەنئى قىلىشى ۋە چەكلەپ تۇرۇش ئادىتىنى كۆر- سىتىدۇ. پەرھىز، كۆپىنچە مۇئەييەن بىر دىنىي ئېتىقاد ئا- ساسىدا شەكىللىنىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك رېئال تۇرمۇش ئادىتىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا پەرھىز خەلقنىڭ ئىدىيىۋى چۈشەنچىسىدە چەكلەشكە تې- گىشلىك ئىشلارنى مۇئەييەن دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلاپ كۆرسىتىش بولۇپ، قويۇق ئۆرپ- ئادەت تۇسىگە ئىگە. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كەڭ ئۇچرايدۇ.

پەرھىزلىك قاراشلار، بالىلارنىڭ چۈشىنىشىگە بېقىپ ھەم ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش، ياشلار ۋە ئەنئەنە قارىشى سۇس چوڭلارنىڭمۇ تۇرلۇك نامۇۋاپىق سۆز- ھەرىكەتلە- رىنى قىلىپقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ «ھارام شاخلىرىنىڭ ئايىنىپ كېتىشى»نى توسۇشتا بەكرەك ئىپادىلىنىدۇ ۋە گەۋدىلىنى- دۇ. دەرۋەقە ، ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى كۆپلىگەن پەرھىزلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە جانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قىلىق- ھەرى- كەتلىرىگە ئائىت پەرھىزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار بەدەن، يېمەكلىك، كىيىم- كېچەك، ھەتتا تۇرار جايى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپ پاكىزلىقىغىمۇ ئالاھى- دە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق پەرھىزلەر ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەت كىشىلىرىنى ياماnlىقنى، خۇنۇكلۇكنى چەكلەپ ياخشىلىققا، گۈزەللىككە دەۋەت قىلىشتا؛ تەبىئەتنى ھۆر- مەتلەپ، ئۇنىڭدىكى بارچە مەۋجۇداتلاردىن مۇۋاپىق پايدى- دىلىنىش ئاساسىدا قوغداش- ئاسراشنى داۋاملاشتۇرۇشتا؛ پاكىزلىق ۋە ئىشچانلىقنى سۆيۈپ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى

ئۆز يولىدا كۆكلۈك، رەتلىك راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق
ئۆزىگە خاس ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت يارىتىشقا تۆھپە قو-
شۇشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتلىك روللارنى
ئارتقۇزۇپ كەلگەن②.

1) ئادەمنى ئاساس قىلىش مەزمۇنىدىكى پەرھىزلەر

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى ئادەمگە ئالاقىدار بېشا-
رەت پەرھىزلىك قاراشلار كۆپ خىل بولۇپ، بۇلار ئا-
ساسلىقى ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرىغا
مۇمكىنقەدەر كەڭ ھەم ئەقلىي يوسۇندا ماسلىششنى تە-
كىتلەش ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن، چۈنكى
ئىسلام دىنىدا تۇپراقنىڭ جەۋھىرىدىن تەۋەللۇت قىلىنغان
ئىنسانغا نۇردىن يارىتىلغان پەرىشتىلەرمۇ سەجدە قىلىشقا
بۇيرۇلدۇ ھەمدە تەبىئەتتىكى بارلىق نېمەتلەر ئىنسانلار-
نىڭ مۇۋاپىق پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغانلىقى قەيت
قىلىندۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ مەنىسى شۇنىڭ-
غا يېقىنلاپ قالىدىغان كىشى «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ
ئادەم بار؛ سۆز قويماڭ سۆزگە يېتەر، ئەتە قويۇپ ئۆزگە
يېتەر؛ ئىنساننىڭ ھەرقانداقىغا مال-دۇنيا، مەنسەپ-مەر-
تىۋە، ياخشى ھەمراھ ياكى ۋاپادار پەرزەنت، ئەقىل ۋە
بىلىم ھەر زامان ئوخشاشلا مەنسۇپ بولۇۋەرمەيدۇ؛ ئىن-
ساننىڭ نەپسى بولۇشقا قويۇۋېتىلگىنى بىلەن قۇدرىتى
چەكلەنگەن...» دېگەندەك قاراشلار ساقلانغان. بۇنىڭغا
ياندىشىپ يەنە «ئاق قويمۇ، قارا قويمۇ ئۆزىنىڭ پېيىدە
تارتىشىدۇ؛ ھەركىمنىڭ ھەققى-نېسىۋىسى، ھايات قىسمىتى
ۋە ئۆمرى ئايرىم بولغاچقا، ئادەملەرنى سارالڭ، سەت-
كۆرۈمسىز، مېيىپ-مەجرۇھ، يوقسۇل مەھبۇس، يۇقۇم-
لۇق كېسەل، دۆت-لەقۋا، داشقال، دەپ ئالدىراپ ھەم
ئارتۇقچە كەمسىتىش؛ ئەكسىچە بىراۋلارنىڭ ئاندا-ساندا
سۇلكەت-سالاپىتىنىڭ، ئەقىل بىلەن بايلىقىنىڭ، قابىلىيەت
ۋە ئىقتىدارىنىڭ نامايەندىلىرىگە قاراپلا تېزلا ھەسەت
قىلىش ياكى مەبۇدە قىلىۋېلىشنىڭ ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى
يوق» دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەرمۇ بولغاچقا، ئادەم-
لەرنى سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا چوڭ-كىچىك، قېرى-
ياش، ئەر-ئايال، يىراق-يېقىن دېمەي ئالدىراپ كەمسىت-
سە، غەيۋىتىنى قىلسا، «غەيۋەت قىلغۇچىنىڭ تىلىنى كەس،
ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى كەس؛ غەيۋەت — نۇرغۇن
جېدەل-زىددىيەتكە دالالەت قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ناپاك ئادەملەر، بەك ئىچى تار، ھەسەتخور ئادەم-
لەرنىڭ كۆزىدىن ياكى سۆزىدىن بىر خىل كۆيدۈرگۈچى
نۇر، دەيدەيچى-گۇيياكچى تىنىقلار ئۇرغۇپ چىقىپ، باش-
قىلارنىڭ نەپەسلىنىشى، ماددا ئالماشتۇرۇشى، ھەتتا روھىي
ھەرىكەتلىرىگە بەلگىلىك دەرىجىدە زىيان سالالىغاچقا،
«كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن
پاناھ تىلەيمەن» دەيدىغان قاراشمۇ شەكىللەنگەن.

2) باشقا قىلىق پەرھىزلىرى

ئىددەت تۇتۇش: ئەردىن ئاجرىغان ياكى ئېرى
ئۆلگەن ئايالنىڭ ھامىلدارلىقى ئېنىقلانغۇچە ئەرگە تېگىش
مەنئى قىلىنىدۇ، ئايالنىڭ 100 كۈنگىچە ئەرگە يېقىنلاش-
ماسلىقى ئىددەت تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بىر ئايال
بۇنىڭغا رىئايە قىلماي ئەرگە تەگسە، قورساقتىكى بالىنىڭ
ئاۋۋالقى ياكى كېيىن تەگكەن ئەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى
بىلىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ. «ئىددەت» كۆرۈنۈشتە خۇ-
راپىي ئادەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مەلۇم قانۇنىي ۋە
ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. غۇسۇل قىلىش: ئۇيغۇرلاردا ئەر-
خوتۇن بىر ئورۇندا بولغاندا، شۇنداقلا كېچىسى ئىھتىلام
بولغاندا چوڭ تاھارەت ئېلىش ئادىتى شۇنداق ئاتىلىدۇ.
ئەرلەر سۈيدۈك چاچراپ كېتىپ كىيىمنى بۇلغاپ قويە-
دۇ، دەپ ئۆرە تۇرۇپ سىيمەيدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇپ سىي-
گەندە سۈيدۈكنىڭ كىيىمگە تېگىپ قالماسلىقىغا دىققەت
قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەر-ئاياللارنىڭ غۇسلى قىلماسلىقىنى
پالاكەت بېسىشنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشچە،
«ناپاك-جۇنۇپ تۇرۇپ كۈنگە قارىسا گۇناھ بولىدۇ؛
ناپاك تۇرۇپ تاماق يېسە يېگەن تامىقى ھارام بولىدۇ؛
بالا ئەمگۈزۈۋاتقان ئاياللار ناپاك تۇرۇپ بالا ئەمگۈزسە
يامان بولىدۇ»، دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاياللار
ھەيز كۆرگەندە ھەيز توختىغان ھامان بەدىنى سۇغا
سېلىپ پاكلىنىدۇ. غۇسلە قىلىشقا گەرچە بەزى دىنىي ئەقى-
دىلەر سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تازىلىق ۋە
ساغلاملىق جەھەتلەردىكى رولى ناھايىتى زور. دەرۋەقە
غۇسلىغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گېموررويى
ۋە ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى
ياكى ئاز كۆرۈلۈشى ئەنە شۇ غۇسلە بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك.

ئادەتتىكى تۇرمۇش پەرھىزلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچى-
لىكى خەلقنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق قاراشلىرىنى ئەكس ئەت-
تۈرگەن بولۇپ، بەلگىلىك ئىجابىي رولغا ئىگە. ئائىلىۋى،

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە كۆپ ھاللاردا پاسكىنىلىق، دىلى قاتتىقلىق، قىلىقى يىرگىنىشلىك، جېدەل-ماجىرا، ئۆچ-ئاداۋەت، ھاقارەت، ئىسراپخورلۇق، قەدىرسىزلىك قاتارلىق ناباپ ئىشلار بىلەن تۈگەللىنىدىغان ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، ئوغرىلىق قىلىش، زىنا قىلىش، يالغان گەپ قىلىش، چېقىمچىلىق، غەيۋەت قىلىش، ئىت تالاشتۇرۇش (ئىتلار ئىگىسىنىڭ زورى بىلەن سوقۇشمىسا، تەبىئىي ھالەتتە ئاسانلىقچە تالاشمايدۇ)، قىمار ئويناش، يالغانچىلىق-سۇخەنچىلىك قىلىش، كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، بىھۇدە جېدەللىشىش قاتارلىق ئىللەتلەر ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىپ، بۇ قىلمىشلاردىن پەرھىز تۇتۇشقا دەۋەت قىلىنغان.

3) تەن سىرتى پەرھىزلىرى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللىرىدىلا يۈز ۋە قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى يېپىق تۇتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان تەن ئەزالىرى «ئەۋرەت» (ئۇياتلىق قىسمى) ھېسابلىنىپ، ئۇنى كىيىمدىن ئىبارەت ئەخلاق زىننىتى بىلەن يېپىش ئادىتى تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە كونكرېتلاشتى. يەنى، ئەرلەرنىڭ كىندىكىنىڭ ئاستى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقى؛ قىز-ئاياللارنىڭ يۈزى، ئالقان ۋە تاپىنىدىن باشقا تەن قىسىملىرى ئەۋرەت سانالدى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ يات جىنسلار ئالدىدا ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى بىر تۈرلۈك زۆرۈر پەرھىز ھەم ئادەتكە ئايلاندى، بولۇپمۇ قىز-ئاياللارنىڭ ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزالىرىنى يېپىشى كەسكىن قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەت تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

قىز-ئاياللارنىڭ ئەمچىكى ئۆزىنىڭ ئاياللىق گۈزەللىكى بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىشىدىن باشقا تېخىمۇ مۇھىمى بۇ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ھەر بىر مەسۇملارنىڭ تۇنجى ئوزۇقلىنىش بۇلىقى بولۇپ، بوۋاق ئېچىقسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن سۈت ئېتىلىپ چىقىدىغان «6-سەزگۈ»نىڭ تىپىك ئىپادە قىلغۇچى ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نازۇك ۋە ئەۋرەت خاراكتېرىدىكى ئەزالارنىڭ قاتارىدا تۇرىدۇ. ناۋادا ئەمچەكنىڭ رولى ئۆز تەبىئىي قانۇنىيىتى بويىچە ئىجرا بولمىسا، خالىغانچە تېگىش قىلىنسا ۋە قەدرى خەس ئورنىدا كۆرۈلسە، ئەمچەك مۇنكى ئۆسمىسى، ئەمچەك راكى دېگەنلەرگە ئوڭاي دۇچار بولىدىغانلىقى نۆۋەتتىكى نۇرغۇن تەتقىقات، ئەمەلىيەتلەردىن زاھىر بولماقتا.

قىز-ئاياللارنىڭ تېرىسى ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك سىلىق، يۇمشاق، پارقىراق كېلىدۇ. يەنە كېلىپ قىز-ئاياللاردا ئەرلەرنىڭ زور كۆپىنچىسى ئىنتىلىدىغان ئۆزگىچە گۈزەللىك، نازۇك-لاتاپەتلىك، لېۋەن-سۇمباتلىق، مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق، ھېسسىيات ۋە شەرم-ھايانىڭ ۋەزنى ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەقلى-ھوشى، ھېسسىياتى، تەن قۇۋۋىتى جايىدا ھەم بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق ئەركەكنى ئۆزىگە تارتىش سېھرىگە ئىگە. لېكىن بۇنداق ئىنتىلىش ئۆز چېكى-ھېسابىدا بولمىسا، ئەرلەرنىڭ سەزگۈسىنىڭ زىلىلىقى، جىسمانىي ۋە ھېسسىي قۇۋۋىتىنىڭ مۇقىملىقى بىلەن ئىزچىللىقى تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىدۇ. ئەرلەر شەھۋىتىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، مېنىڭچە ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كۆزى، ئەۋرىتى ۋە روھىنى پاك تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھالبۇكى، ئوچۇق نەرسىگە قارىغاندا يېپىق نەرسە مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ دىققىتىنى ئاسان ئۆزىگە تارتىش — جەلپ قىلىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولغاچ، قىزلاردىكى گۈل كەبى يۇمرانلىقنى، لېۋەن، جىلۋىگەرلىككە ئىگە گۈزەللىكنى شۇنچە كۆپ ئاسراپ قوغدىمىغاندا ھەم مۇۋاپىق ياشقا بېرىپ ئەقىلگە تولۇپ، مۇناسىپ ئورۇن ۋە دەرىجىدە نامايان قىلمىغاندا، ئۇنىڭ جۇلالىقى شۇنچە تېز، شۇنچە ئاسان خىرەلىشىدۇ، ھۇزۇرىمۇ شۇنچە چاپسان يوقىلىشقا باشلايدۇ. گۈزەللىكنىڭ ۋە مېھرىبانلىقنىڭ خارابلىشىشى — ئىنسانلارنى روھىي دۇنياسى چۆلدەرەش، مەنىۋى تىرەنلىكى زەئىپلىشىش مېھر-شەپقەت، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت رىشتىسى ئۈزۈلۈش، ئاخىرىدا ياتلىشىش، كۆيۈمسىزلىك، ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ پاتقىقىغا باشلايدۇ.

ناۋادا قىز-ئاياللار ئۆزىنىڭ سىرتقى جەلپكارلىقىنى يېپىقراق تۇتىدىغان بولسا، دىيارىمىز شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنىڭ كلىماتى قۇرغاق، شامالىق، چاڭ-توزاننىڭ ئۆرلىشى، قۇم-بوراننىڭ چىقىش سالمىقى كۆپرەك بولغاچقا، بەدەنگە چاپلىشاڭغۇ ماددىلارمۇ نىسپىي كۆپ بولۇشىدىن مۇداپىئەلىنىپ، شۇ ئەزالىرىنىڭ پاكىز تۇرۇشى، سوغۇق تەگمەسلىكى، بالدۇر قورۇق چۈشمەسلىكىگە، ئۆزىنى ياخشىراق قوغداشقا پايدىلىق. قىز-ئاياللار-

نىڭ يۈز-كۆزىنىمۇ قوشۇپ يۆگۆپىلىش — غىزالىنىش ۋە
سۆزلەشكە قۇلايسىزلىق تۇغدۇرىدۇ، شۇنىڭدەك يۈز تې-
رىسنى قۇياش نۇرىغا تويۇندۇرۇپ چېنىقتۇرۇش ئارق-
لىق تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇش ۋە گۈزەللەشتۇرۇشكە،
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە كىشىلەر ئارا نورمال بېرىش-
كېلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا
مەلۇم ئەپسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىكى پەرھىزلەردە چاچنىڭ
شەكلى، ئۇزۇنلۇقى، قىلىق-ھەرىكەتنىڭ ئورامى، كىيىم-
كېچەكنىڭ رەڭ ۋە پاسونى، بەزى ئەدەپ-پەزىلەتلەرنىڭ
جىنسىي پەرقى بولماسلىقى يامان كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئو-
غۇللارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى،
چاچنىڭ قالايمىقانلىقى، كىيىملىرىنىڭ ۋە قىلىق-ھەرىكەت-
لىرىنىڭ ھەررەڭ-سەررەڭ بولۇشى مەلۇم دەرىجىدە شۇ
كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چىگىش تۈگۈنلەرنىڭ، پە-
زىلىتىدىكى گۇمانلىق نۇقتىلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئەقىدە-
ئېتىقادىنىڭ تازا دۇرۇس ياكى مەزمۇنلۇق ئەمەسلىكىنى
نامايان قىلىدۇ.

ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسى-
دىن قارىغاندا، ئەرلەرنىڭ بەدەن تۈكلىرى ئاياللارنىڭكى-
دىن كۆپ بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئويلايدىغان ئىش-كۈشلى-
رىنىڭ ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ سالمىقى يۇقىرى، غەم-غۇسسى-
لىرى نىسبەتەن جىق، چاچ چۈشۈش ئىرسىيىتى ئاشكارى-
لىق بولغاچقا، تەن ئىسسىقلىقىنىڭ خورىشى ئاياللارنىڭكى-
دىن تېزرەك بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەرلەر چېچىنى
ئۇزۇن قويۇۋالسا، ئىچى-سىرتىدىن يېتەرلىك ئوزۇقلۇقنى
ۋاقتىدا تولۇقلاپ بېرەلمىسە ئاسان چېچەكلەش، بالدۇر
چۈشۈش ياكى ۋاقتسىز ئاقىرىپ ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلى-
كىنى، قۇۋۋەتنىڭ يېتەرلىك يەتكۈزۈلۈپ بېرەلمەيۋاتقان-
لىقىنى ئاسان نامايىش قىلىپ تۇرىدۇ، بەدەن تۈكلىرىمۇ
بالدۇر ساغىرىپ «ئاۋاقلىشىش»قا يۈزلىنىدۇ.

قىز-ئاياللارنىڭ چېچى ئەرلەرنىڭ چېچىغا قارىغاندا
تال-تال، پارقىراق بولۇشىدىن باشقا، ئۇزۇن ئۆسسىمۇ
ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن چېچەكلەشتەك ھادىسىلەر ناھا-
يىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. ناۋادا خانىم-قىزلارچېچىنى ئۆرۈۋال-
سا، چاڭ-توزان، كۈچلۈك كۈن نۇرى، قۇرغاق شامال
دېگەنلەرنىڭ تېز مەينەتلەشتۇرۇشى، سارغايتىشى، ئۇنچە-
كىرىتىپ قويۇشى، چېچەكلىتىشتەك زىيانلىرىنى ئازايتىپ،
تال-تال، يىرىك، پارقىراق ھەم ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇ-
شىغا پايدىلىق. شۇڭا خانىم-قىزلارنىڭ چېچىنىڭ مەلۇم
دەرىجىدە ئۇزۇن، پاكىز، رەتلىك بولۇشى، شۇ قىز-ئايال-
نىڭ سالامەتلىكى، كەيپىياتى، مىجەز-خاراكتېرى، تەربىيە-
لىنىشى، قىزىقىشى دېگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى مەلۇم دەرى-
جىدە ئەكس ئەتتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ بوينى
ئېگىز، زىلۋا ھەم روشەن جىنسىي ئايرىما پەرقى بويىچە
كۆرستىشتىمۇ بەلگىلىك ئاكتىپ تەسىرگە ئىگە. قىز-ئايال-
لارنىڭ چېچى ئۇزۇنراق بولسا، بوينى ئېگىز، زىلۋا،
جەزبىدار قىلىپ كۆرستىدۇ. ئەگەر قىز-ئاياللار چېچىنى
تۈجۈپلەپ ئۆرۈۋالسا ھەمدە ياغلىق ئارتىۋالسا، چاڭ-
توزان، ماي بۇسى ياكى سۇ ھورىنىڭ تېزلا مەينەتلەشتۈ-
رۈشى ۋە قىچىشتۇرۇشىدىن ، ئاشخانىدا تاماققا چاچ ئا-
رىلىشىپ قېلىشتىن، چاچنىڭ ۋاقتسىز چۈشۈشىدىن ۋە ئا-
قىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. لېكىن چاچنىڭ
قىسقا بولۇشى، قالايمىقان، پاخپايغان ھالەتتە تۇرۇشى،
كۆپ ھاللاردا پەرۋاسىزلىق، كەيپى چاغ، مىجەزى
رەنجىش،نارازىلىق تۇپەيلى سۇلغان، ھېسسىيات جەھەتتە
كۆڭۈل بۆلۈشكە، موھتاجلىققا يېقىن قىياپەتنى بەكرەك
ئەكس ئەتتۇرىدۇ ياكى ئويۇن -تاماشىغا، راھەت-پاراغەت-
كە بېرىلىپ، ئۆگىنىش، بېرىلىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزد-
نى قۇدرەت تاپقۇزۇشتەك ئادىمىلىك خىسلەت، نىشان،
مەجبۇرىيەت ۋە باشقا ئادىمىلىك نامايەندىلىرىنىڭ غۇۋا-
لىشىشقا باشلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا
ئۇلار يامان نىيەتلىك يات جىنسلارنىڭ ھۇجۇم ۋە زىيانى-
كەشلىكىگە ئوڭاي ئۇچرايدۇ. ھاۋارايى ئالاھىدىلىكىدىن
تەھلىل قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ زور كۆپ قىسىم رايونلىرى-
نىڭ مۇھىت بولغىنىشى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە بۇلغىنىش
سەۋىيىسىدىن نىسبەتەن ئېغىر، دائىم توپا ئارىلاش بوران
چىقىش، چاڭ-توزانلار قۇيۇنغا ئەگىشىپ ئۆرلەش، توپا
يېغىشتەك ناچار ھاۋارايى ھادىسىلىرىنىڭ دەستىدىن چاچ
ئاسان كىرلىشىش، يۇماق تەسلىشىشتەك ئەھۋاللارمۇ
كۆپ كۆرۈلىدۇ. چېچىنى ئوچۇق قويغان نۇرغۇن قىز-ئا-
ياللار بۇنى چېچىنىڭ ئوزۇنلۇقىدىنلا كۆرۈپ، كەستۇ-
رۇپ يۇيۇش-تاراشنىڭ تەسلىكىدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ.
ئەمما چېچىغا مۇجەسسەملەنگەن نازاكەت ۋە جەلپكارلىق-
تىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا چاچنى قۇرۇتقۇچتا تولا
قۇرۇتۇش ۋە ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە، چېچىنىڭ چېكىنى-

شى، بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاق چاچنى يۇلسا، جانسىز تارماقلىرى غىدىقلىنىشتىن جانلىنىپ ئۆسۈپ چىقىپ تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك بولىدۇ. ئەسلىدىكى چاچ گۈزەللىكىنى ساقلاپ قېلىش، توپا-چاڭلارنىڭ قونۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ پاكىز تۇتۇش ھەم جەزىبدارلىقىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش، شۇنداقلا يۇقىرىقى ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ، تېرە رەڭگىي، كىيىم تۈرى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن، ئۆزىگە ماس كەلگەن ياغلىق، دوپپا قاتارلىق باش كىيىملىرىنى ئىشلەتكەن ياخشى.

شۇڭا قىز-ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك ئىززەت-ھۆرمىتىنى، غۇرۇرىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزغا چىڭ يېپىشىشى، گۈزەللىكنى كەم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن نامايان قىلىشنى، «تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال»لىقنىڭ بەكمۇ قىسقا مۇددەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىچكى گۈزەللىكنىڭلا ئۇزاق، ھەتتا مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە، سېھرىي قۇدرەتكە نائىل بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇناسىپ ئەقىدە-ئېتىقاد، مىللىي ئەخلاق، شەرم-ھايا، نومۇس، غايە-نىشان، توغرا ھەۋەس، ئۆزىنى قوغداش ھەم يۈكسەلدۈرۈش ئىرادىسى، بىر قەدەر مول كەسپىي ۋە ئىجتىمائىي بىلىم قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىشى، نۇرلاندۇرۇشى بەكمۇ زۆرۈردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، چاچ-ساقال، تىرناق، بۇرۇن تۈكلىرى، قولتۇق، چات تۈكلىرى ئۆسكىلەك، مەينەت، رەتسىز تۇرۇشى كۆرۈنۈشتە بىر خىل كۆرۈمسىزلىك، مەينەتچىلىك ۋە چوشكۇنلۇقنى ئىپادىلەپ تۇرغاچقا قارشى ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى چاچ-ساقال ۋە تىرناقلارنى ئالغاندا خالىغان يەرگە تاشلىمايدۇ، ئۇلارنى مەخسۇس يەرگە (ئىشىك ئۈستى، تام-تورۇسلارنىڭ يوچۇقى، تەكچە...) تاشلايدۇ ياكى چېچىنى (بولۇپمۇ ئاياللار) ئالاھىدە توجۇپىلەپ ساقلايدۇ. بۇ مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ناۋادا شۇ كىشى پەۋقۇلئاددە قازايى-قەدىرگە ئۇچراپ جەسىتىنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاندا، تىرناق ياكى چاچلىرىنى ۋاكالەتەن دەپنە قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ تىرناق ئۇزۇن بولسا، قولنى يۇيغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئاستىدىكى چىقىپ كەتمىگەن كىر مىكروب ساقلاپ، تاماق بىلەن بىللە ئېغىزدىن كىرىپ كېتىش ياكى كېسەللىكلەرنى باشقىلارغا يۇقتۇرۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ؛ بۇرۇن تۈكلىرى بۇرۇندىن چىقىپ تۇرسا، قارا چىمدەك ۋە «مونچاق ساڭگىلاپ» تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ قولتۇق ۋە ئەۋرەت قىسىملىرى تەر بەزلىرى كۆپ جايلاشقان، يەنە كېلىپ پىنھان ھەم سۈركىلىپ تۇرىدىغان، تەر ئاجرالمىلىرى ئاسان ياكى جىق يىغىلىپ قالىدىغان ئورۇن بولغاچقا، قولتۇق ۋە چاتنىڭ تۈكلىرىنى 40 — 50 كۈندە بولسىمۇ بىر قېتىم چۈشۈرۈپ تۇرمىسا، شۇ ئورۇندا ئاسان تەرلەش، قىچىشىش، سېسىق پۇراق چىقىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بەك قىستاڭغۇ كىيىملەر كۆكرەك، قولتۇق ۋە چاتتىكى ئەزالارنىڭ، بەزلەرنىڭ، تېرىنىڭ قان ئايلىنىشى، ھاۋا-نەملىك ئالماشتۇرۇشىغىمۇ زىيانلىق بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان كەڭ، ئازادىرەك كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەن، بەك ئۇزۇن كىيىملەرنىڭ يەردىكى مەينەت نەرسىلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكى چوڭ ھەم ئىشتانىنىڭ پۇچقىقى بالدۇر كونىرايدىغان بولغاچقا، زىيادە ئۇزۇن كىيىملەر بۇرۇنقى ئۇيغۇرلاردا ئومۇمەن كىيىلمىگەن؛ بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھۇرۇن، بىپەرۋا، شەخسىي تازىلىقى ناچار ئادەملەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان چىشلىرى سارغىيىش، ئېغىزى پۇراش؛ ياقا، يەڭ، پايپاقلىرى بەك كىرلىشىپ كېتىش، پۇتى ياكى قولتۇقى پۇراش قاتارلىقلارنى زور كۆپ قىسىم كىشىلىرىمىز يامان كۆرىدۇ.

كىشىنىڭ كىچىك چېغىدىكى چۈشۈپ كەتكەن كىندىكى، خەتنىلىكى، چىشى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەرنىڭ تاش-توپىسى، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بۇرۇنقى سۈيدۈكى قاتارلىقلارمۇ شۇ كىشىنىڭ داۋاسى تېپىلمىغان سوزۇلما ئاغرىقلىرىغا، «سۇ-تۇپرىقى كېلىشمەسلىك»تەك غەيرىي نورمال ھالەتلىرىگە داۋا بولىدۇ؛ تېرىدىكى مۇدۇرلارغا، بولۇپمۇ چىرايدىكى «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك»دىكى دانخورەك قاتارلىق بۆرتمە-چوقۇرلارغا خالىغانچە چېقىلسا، چىقىرىندىلار ئاسان قانغا ئۆتۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى چوڭ بولۇپ، «چاپقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك» بىر ئىش بولىدۇ.

ئوخشاش جىنسلىقلارمۇ بىر-بىرىنىڭ تېنىدىكى كەمتۈكلەرنى مازاق قىلىشماسلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ توساق يوق يەردە يېقىن كېلىپ تەرەت قىلىش، تاھارەت ئېلىش، يۇيۇنۇش ھەممىدە

بەك يالغاچلىنىپ بىرگە ئۇخلىشنى چەكلىشمۇ بىر خىل
ئادەت تۇسىگە كىرگەن؛ ئوغۇل باللارنى يەتتە-ئون
ياش ئارىلىقىدا خەتنە قىلدۇرىدۇ، بۇ ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر
كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇشىدا
مەنپەئەتلىك بىر ئادەتتۇر. بەدەنگە گۈل چېكىش، قاش
تېرىش-يۇلۇش، چەكتىن ئاشقان قاپاق تۈزەش دېگەنلەر
مۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە ھار ئېلىنىدۇ. چۈنكى قاش
تېرىش، كىرپىك تىككۈزۈش، قاپاقنى گۈزەللەشتۈرۈش،
بۇرۇن ئۇچىنى كۆتۈرۈش، تېرىگە رەسىم-شەكىل چې-
كىشلەردىن تېرە توقۇلمىلىرى مەلۇم دەرىجىدە زەخىملىنى-
دۇ، ھەتتا بۇنىڭ تەسىرىدە مەجرۇھلانغان ھۈجەيرىلەر
يېپىسىز بۆلۈنۈش ئارقىلىق ئەسلىگە كېلىشتە ئىرسىي ماددا
ۋە ئاقسىل ماددىسى تەركىب ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتە
ئەسلىدىكى ساق توقۇلمىغا ئوخشىمىغاچقا، ساقايغاندىن
كېيىن يەنىلا مۇئەييەت تارتۇقى، ئاسارىتى قالىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە مېيىتنى يۇيغان چاغدا ئۇنىڭ
بەدىنىدىكى چېكىلگەن گۈل ۋە باشقا شەكىللەرنى چىقىرى-
ۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

4) تەن سۈيۈقلۇق پەرھىزلىرى

ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قان كۆپىيىش سۈيۈقلۇقىنى
(مەنى ۋە خۇنى)، پوتلا، ھەتتا شۆلگەيگە ئالاقدار پەر-
ھىزلىك قاراشلىرى بولغاچقا، ھەيزدار، تۇغۇتلۇق،
كېسەل، جەسەت، جۇنۇپلۇق كىشى (جىمادىن پاكلانمىغان
ئادەم)لەرنى ناپاك ياكى تازا ئەمەس دەپ قارايدۇ ھەمدە
ئۇلار بىلەن ئالدىراپ يېقىنلاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ نەرسىلە-
رىنى ئىشلەتمەيدۇ. بۇنداق قىلىش كېسەللىكنىڭ يۇقۇشى-
دىن ساقلىنىش، ئالدىنى ئېلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.
بولۇپمۇ جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن يۇيۇنماي تۇرۇپ بالى-
سىنى تۇتۇش، ئاتا-ئانىسىغا قاراش، سوغۇق سۇ
ئىچىش، تاماق يېيىش، سەپەرگە چىقىشلار يامان ئىشلار
قاتارىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، مەيلى مەنى بولسۇن ياكى
خۇن بولسۇن سۈيۈقلۇقى ئاساسلىقى قان، مېڭە-يۇلۇن
سۈيۈقلۇقى ۋە يىلىك دېگەنلەردىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ-
دا كۆپىيىش بەزلىرىدىن ئىشلەنگەن ئۇرۇق ياكى تۇخۇم-
دىن ئىبارەت تىرىك ھۈجەيرىلەر بار. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ
ئۇلۇغدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا
ئۇنىڭ شىلىمشىق ھەم نىجاسەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۈستۈن-
لۈكنى ئىگىلەپ مەينەت نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا
«تېگى پەسنىڭ زېدى پەس، زېدى پەسنىڭ كۆنى تەس»
دېگەن بۇ ماقالدا، ئادەمنىڭ تۆرەلدۈرگۈچلىرىنىڭ
روھىي-مۇددىئاسى، نىيەت-ئىقبالى، مۇھەببىتى، پاكىز-
پاكلىقى دېگەندەك روھىي سۈپەتلىرى دۇرۇس بولمىسا،
شۇ ھالىتىدە تۆرەلگەن باللىسىنىڭ گېن تەرتىپىدە مەنىسىز
ھەم زىيانلىق بۆلەكلەر كۆپرەك پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ كې-
يىنكى تەقدىر-قىسمەتلىرىنىڭ، ھەتتا روھىي ۋە جىسمانىي
ساپاسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە ناچار يۈزلىنىشلەرنى ئاپىرىدە
قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئاگاھلاندۇرۇلغان بولۇشى
مۇمكىن. چۈنكى روھ ۋە كەيپىياتمۇ گېندىن ئىبارەت ماد-
دىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «قاندا روھ بولىدۇ، قان چىقسا ئا-
دەمنىڭ روھمۇ چىقىپ كەتكەندەك بولىدۇ»؛ ئاسمان-
غا، ئادەمگە، سۇغا، مازارغا، مەسچىتكە، قىبلىگە قاراپ
تۈكۈرۈش، ئەسنىگەن ۋە چۈشكۈرگەندە ئېغىزنى تو-
سۇماسلىق، بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇنلاردا شۇنداق قى-
لىشتىن تاشقىرى، خالىغان يەرگە تۈكۈرۈش، مىشقى-
رىش، بۇرنىنى كوچىلاشلار يامان ئېلىنىدىغان ئادەت-
لەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

مىللىتىمىز كىشىلىرى «پاكىز يەردىن پەرىشتە،
مەينەت يەردىن جىن-شاياتۇن ئەگىپ يۈرىدۇ؛ پاكىزلىق—
ئىماننىڭ يېرىمى» دەپ قارىغاچقا، قاچا-قۇچا، كىيىم-
كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى يۇماي دۆۋىلەپ قوي-
مايدۇ، كىر-يۇندىلار ۋە ئەخلەتلەرنى ئۆيدە، ئىشىك تۈ-
ۋىدە ساقلىمايدۇ. غەيرىي، بەدبۇي پۇراقلارنىڭ مەنبەسى-
نى تازىلاش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئىسرىق سېلىش ئۇسۇل-
لىرى بىلەن يوقىتىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەدىمكىلەردىن بىزگە يەنە
«زىيادە چېۋەر ھەم بەكلا پاكىز مۇھىتتا ياشىغان كىشى
پېقىرچىلىقتا-بىچارىلىكتە قالىدۇ» دېگەن قاراشمۇ
مىراس قالغان. چۈنكى بۇنداقلار تەبىئەتنىڭ «مۇۋاپىق
دەرىجىدە سەرپ قىلىش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك»
پرىنسىپىغا خىلاپ ئىش قىلغاننى ئاز دەپ، بەدىنىنىڭ كې-
سەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ چېنىقىش، تاۋلى-
نىش-كۈچلىنىش پۇرسىتىنىمۇ ئاجىزلىتىپ قويىدۇ.

بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەت-پەرھىزلەر گەرچە شىنى-
جاڭنىڭ بەزى شەھەر، بازارلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
تاشقى مۇھىتتىن كىرگەن تاشلاندۇق مەدەنىيەتنىڭ تەسى-

www.uyghurkitap.com



رىڭگە ئۇچراپ، ئاز-تولا ئارغۇنلاشقان، خىرەلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما زور كۆپ سانلىق يېزا-قىشلاقلاردىكى كىشىلىرىمىزدە يەنىلا ئۆز پېتى داۋام ئەتمەكتە.

2. بەدەن ئەزالىرى پەرھىزى (باش-يۈز، مەڭ-سۆگەللەر، كۆز ۋە قۇلاقنىڭ پەرھىزى)

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئادەمنىڭ باش قىسمىغا بارچە بەدەننىڭ باش قوماندانى — بىرىنچى رەئىس ئەزاسى مېڭە جايلىشىشتىن سىرت، بارلىق سەزگۈ ئەزالار، نۇرغۇن شەخسىي تەقى-تۇرق، قىياپەت سۈپەتلىرى، پەخىر-ئىپتىخارى، خاس گېن بەلگىلىرى جايلاشقان بولغاچقا، ئادەمنىڭ بېشى ۋە چىرايى تاشقى غۇرۇر-ئىپتىخارىنىڭ «ئەينىكى» دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا «ئادەمنىڭ روھى مېڭىسىدە بولىدۇ»، «دوستۇڭ بېشىڭغا قارايدۇ، دۈشمىنىڭ پۇتۇڭغا؛ بېشىڭغا ئۇرغاننىڭ قولىنى سۇندۇر» دېگەندەك ماقاللار شەكىللەنگەن. شۇڭا باشنى چوڭ بىلىش، ئادەمنىڭ بېشىدىن ئاتلىماسلىق، كىشىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەسلىك، شارائىت بولسىلا يېنىدىكى ئادەمنىڭ بېشىغا ئايىغىنى قىلىپ ياتماسلىق، ئاياغ كىيىمنى باش تەرەپتە قويماسلىق، باشقا، يۈزگە ئۇرماسلىق، پېشانىسىگە نوقۇماسلىق، يۈز-كۆزنى يۇيىدىغان سۇنىڭمۇ ئىچىملىك سۇ تەلپىگە لايىقلىشىشنى تەلەپ قىلىشتەك پەرھىزلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلاردا «مەڭ خاللار بىر خىل قۇت-ئامەتنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىش كىشىگە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بولۇپمۇ باش ۋە يۈز قىسمىدىكى مەڭلەرگە ئالدىراپ چېقىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ھازىرقى زامان تېببىي پەن تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا، خال تېرىدىكى بىر خىل تۇغما ھەم ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە بولۇپ، ئۇ بەدەننى تازىلايدىغان ئىككىلەمچى لىمفا تۈگۈنلىرى ياكى ئۇ تازىلىيالمىغان «بەدەن ئەخلەتلىرى»نى پىنھان ساقلاش رولىغا ئىگە، ئۇنىڭغا چېقىلسا يامان سۈپەتلىككە ئايلىنىدۇ.

ئېغىز ۋە بۇرۇن ئەترابى ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇھىم «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك»نىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ ئورۇندىكى قان-تومۇر ۋە نېرۋىلارنىڭ زىچلىقى بىلەن تۈرى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، مۇتلەق كۆپىنچىسى مېڭە نېرۋىلىرى بولغاچقا، ئورۇنسىز ياكى چەكتىن ئاشقان قىلمىشلارنىڭ شۇ ئورۇندىكى توقۇلمىلارنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يات ماددىلارنىڭ قانغا ئۆتۈش ئېھتىماللىقى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، ئۇيغۇرلار ئادەتتە چىشنى مىتال نەرسىلەر بىلەن كولاشقا ئادەتلەنمىگەن. چۈنكى، ئۇ چىش مىلىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

كۆز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېڭىدا كۆرۈشتىن باشقا، «كۆز — كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى؛ يالغانچىنى سۆزىدىن بىل، سۆزىدىن بىلەلمىسەڭ كۆزىدىن بىل»، كۆزنىڭ سېھرىي نۇرى بىلەن كىشىنىڭ روھىنىمۇ قامال قىلىشقا بولىدۇ؛ كىچىك بالا چوڭلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە قارىسا، كۆزىگە قاپارتقۇ چىقىدۇ»، دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ كىچىك بالىلار چوڭلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە قارىشنى چەكلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، توغرا چۈشىنەلمەسلىك ياكى ئۆزىمۇ شۇنداق يېتىلىشنى ئويلايدىغان خاھىش ۋە ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى زورىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلار «يىغا، يىغىنى چىللايدۇ» دېگەن قاراش بولۇپ، بوۋاقلارنىڭ دۇم يېتىپ تولا يىغلىشىنى بىر خىل پاجىئەنىڭ ئالامىتى، مېيىتكە تولا يىغلاش مەرھۇمنىڭ روھىنى ئارام تاپقۇزمايدىغان بولغاچقا، مۇسىبەتنىڭ ۋاقتى ئۈچ-يەتتە كۈنگىچە بولغىنى ياخشىراق دەيدىغان قاراشلارمۇ بار.

«ئەرلەرنىڭ ئوڭ كۆزى — ئاياللارنىڭ سول كۆزى-قاپىقى تارتسا ياخشىلىقنىڭ، ئەكسىچە ئەرلەرنىڭ سول كۆزى — ئاياللارنىڭ ئوڭ كۆزى تارتسا پېشكەللىكنىڭ بېشارىتىدۇر» دېگەن ماقال ۋە پەرھىزلىك قاراشلار مەۋجۇت. بۇ كەيپىيات ئاساسلىقى كۆزنىڭ ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئىپادىلىنىپ چىقىدىكەن، سول كۆز ئوڭ تەرەپ يېرىم شارنىڭ كونتروللۇقىغا، ئوڭ كۆز بولسا سول مېڭىنىڭ تىزگىنلىشىگە بەكرەك ئۇچرايدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پاسسىپ كەيپىياتتا تۇرغاندا كۆپىنچە سول قاپاق، ئاكتىپ كەيپىياتتا تۇرغاندا ئوڭ قاپاق كۆپرەك تارتىدىكەن. ئەرلەر ئادەتتە شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا دائىر تەپەككۇرغا بەكرەك ئادەتلەنگەن بولغاچقا، ئوڭ مېڭىسىنى؛ ئاياللار بولسا تاشقى قىسمىغا، ئوبرازغا ۋە تىلغا ئائىت تەپەككۇرغا ئۇستىراق بولغاچقا، سول مېڭىسىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار تۆرەلمە ھالىتىدىن تارتىپ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى

قۇرۇلمىلىق تۈزۈلمىسىدە — ئاناتومىيىسىدە، ئۇزۇقلۇقنى سۈمۈرۈلۈش-يېتىلىش دەرىجىسىدە، ئىشلىتىش-ئاسراش ھەرىكەتلىرىدە تولۇق سىممېترىك بولماسلىق ئەھۋالىمۇ ئىككى كۆز ياكى ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ چارچاش ياكى باشقا ھەرىكەت ئالامەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. فىزىئولوگلار ۋە پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى يېرىم شارىنىڭ تۈرەلمە مەزگىلىدىكى ئوڭ-سول ئىككى تەرەپ تەڭ يېتىلمىگەچكە، بەرداشلىقى ۋە چارچاش دەرىجىسى ئوخشىمايدىكەن؛ تۇغۇلغاندىن كېيىن، كەيپىيات ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تەڭشەشتە ئوڭ مېڭە يېرىم شارى پاسسىپ كەيپىيات بىلەن، سول مېڭە يېرىم شارى ئاكتىپ كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

مىللىتىمىزدە ئەرلەرنىڭ ئوڭ قول، ئوڭ كۆز، ئوڭ يۈز، ئوڭ قۇلاقتىن ئىبارەت ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن بەكرەك سالاپەتلىك كۆرۈنۈشى، قىزلارنىڭ سول تەرىپى ئۈستۈنلۈكنى ئېلىش ۋە سولدىن چىرايلىق كۆرۈنۈشى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ قىلىش، پەقەت كىيىم-ئاياغ سېلىش قاتارلىق ئاز ساندىكى ئىشلاردا سولدىن باشلاشتەك پەرھىزلىك قاراشلىرى بار.

ئۇيغۇرلار قۇلاقنىڭ قىزىشى، تارتىششى، ئۇيۇشۇپ قېلىشى، غۇڭۇلدىشى قاتارلىقلارنى مەلۇم بېشارەتلەر بىلەن باغلاپ چۈشىنىشتەك ئەنئەنىگە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئوڭ قۇلىقى قىزىسا، خەق مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىۋېتىپتۇ، سول قۇلىقى قىزىسا، يامان گېپىمنى قىلىۋېتىپتۇ دەپ قارايدۇ. قۇلاقنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىشىنى قانىنىڭ قويۇلۇشى ۋە قان-تومۇرلارنىڭ قېتىشىشقا باشلىغانلىقىنىڭ، قۇلاق غۇڭۇلداشنىڭ قۇلاقنىڭ ئاۋازغا بولغان سەزگۈرلۈكى ياكى ئاۋازنى ئۆتكۈزۈشتىكى نورماللىقىدىن باشقا بىرەر يېقىمسىز گەپ ئاڭلاپ قېلىشتەك خەيرسىزلىكنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسىدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قۇلاقنىڭ ئادەمنىڭ كۆپ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىشتىكى رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، «ھايۋان تۇيىقىدىن، ئادەم قۇلىقىدىن سەمرەر، شۇڭا ئەتراپتىكى تىۋىشلارنى تولۇق ھەم توغرا سېزىپ چاققان، ھوشيار تۇرسۇن دەپ قۇلاق ئىككى قىلىپ يارىتىلغان» دېگەن كالامنىمۇ يەكۈنلىگەن.

مونچاقنىڭ ئېغىرلىقىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇش قۇلاقتا چۇناق (يېرىق) پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا سوزۇلما جاراھەتنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئەرلەرنىڭ ئوڭ قولى، ئاياللارنىڭ سول قولى قىچىشسا پۇل كىرىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا دۇنياسى چىقىپ كېتىدۇ»، ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنلۈك پەرھىزى بىلەن؛ «قىز-ئاياللار بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرسا، ئاياللىق نازاكىتى ياكى مۇلايىملىقىغا نۇقسان يەتكۈزۈۋالىدۇ» ئولتۇرۇش شەكلىدىكى جىنسىي ئايرىما پەرھىزلىك قاراشلىرىمۇ بار.

### 3. يېمەك-ئىچمەك پەرھىزلىرى

يېمەك-ئىچمەك ئادىتى بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ.

#### 1) ئاش تۇزىغا باغلانغان پەرھىزلىك قاراشلار

ئوتنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت پىششىق يېمەكلىكلەر دەۋرىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنسانلار تۇزدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي كىسلاتالىق ماددىنىڭ خاسىيىتىنى بايقىدى. تۇزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى ھەققىدە ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماددىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئەپسانە-رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن، تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىلمىي ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەن قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئىلاھىي تۈس بەرگىنىگە ئوخشاش، تۇزغىمۇ بىر خىل ئىلاھىي تۈس بېرىپ ئۇلۇغلىغان ۋە قەدىرلىگەن.

خەلقىمىز ئارىسىدىكى تۇزغا بولغان ئەقىدىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا، تۇز تەمى بار تائاملارنى چېچىپ ئىسراپ قىلىۋەتمەي، داستىخان سېلىپ يېسە رىزقى كەڭرى، تاماق بەرىكەتلىك بولىدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىدى. ئاشنىڭ تۇزسىز ھالدا مەززىلىك بولالمىغانلىقىدىن يېمەكلىكلەرنى تۇزسىز قوبۇل قىلالماقمۇ ناھايىتى تەس. شۇ

سەۋەبتىن، تۇزنى ئاش-ناندىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن تۇز ۋە تۇز تەركىبى بار (جانلىق ماددىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار) نەرسىلەرگە يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق ئەنئەنىسىمۇ مىللىتىمىزدە خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر دەرىجىدە شەكىللەنگەن. مەسىلەن، مىللىتىمىز تۇزنى، ئاش-ناننى دەسسىسە، پۇتى باسماس ياكى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ؛ نان پارچىلىرىنى، تۇزنى دەسسىسە، نان سالغان ساندۇق ۋە تۇز خالتىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ناننىڭ، تۇزنىڭ ھۆرمەت قىلمىغانلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ. قاچىدىكى تاماقنى پاكىز يېمىسە، كۆزى چاپاق بولۇپ قالىدۇ، دېگەنلەرگە بەك دىققەت قىلىدۇ؛ ئاش تۇزى ۋە باشقا تۇز تەركىبى بولغان نەرسىلەرنى دەسسىلىدىغان يەرگە تاشلىمايدۇ، كىر سوپۇن تەركىبىدە تۇز ماددىسى بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ سۇلىرىنى ئېشىك ئالدىغا، كوچا-كويلارغا تۆكمەيدۇ ياكى كۆمۈۋېتىدۇ. تۇز تەركىبى بار نەرسىلەرنى تۆككەن پىنھان يەرلەر «يالاق» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ياكى دەسسەپ ئۆتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا پۇتى، دوۋسۇن ئەتراپىغا چاقا-غەلۋىرەكلەر چىقىدۇ، كۆزى ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، دېگەندەك قاراشلارنى يېتىلدۈرگەن.

ئۇيغۇرلار تۇزنى تاماققا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ قالماستىن، يەنە تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار باقما ھايۋانلارنىڭ يەم-خەشەكلىرىگىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ گۆشىنىڭ تەملىك بولۇشى ئەنە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار تۇز ئارقىلىق ئادەملەر ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش يەرلىك ئۇسۇللىرىنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئادەتتە ماغدۇرسىز، كۆپ تەرلەيدىغان كىشىلەرگە تۇزنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بەل ئاغرىقى، سانجىق، قورساق ئاغرىقى قاتارلىق سوغۇق يەلدىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارغا شورتۇز پارچىلىرىنى ئوتتا قىزىتىپ لاتىغا ئوراپ ئاغرىغان يەرگە تېڭىپ كېسەلنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان داۋالاش ئادەتلىرى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنى تۇز بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش، ھايۋانلاردىكى ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ تۇزدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇزنىڭ ھەر خىل چىرىتكۈچى مىكروبلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن گۆش قۇرۇتۇش-سۇرلەش، مېۋە قاقلىرىنى تەييارلاش، پەمدۇر، لازا ۋە باشقا كۆكتاتلارنى قۇرۇتۇپ ساقلاش قاتارلىقلاردىمۇ تۇزغا تايىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەسىرلەردىن بېرى ئەسلىنى، ياخشىلىق، ۋاپا-ئەقىدىنى ئۇنتۇغان، كىشىلەرنى بوزەك قىلغان-قاقشاتقان ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىنى، يۇرت-جامائەتتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىنى «تۇزكور، تۇز يەپ تۇزلۇققا چىشقان ناكەس»، دەپ قارغاش ئادىتى ئەنە شۇ ئەقىدە ئاساسىدا كېلىپ چىققان. بۇ تۇراقلىق ئىبارىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن. بۇ ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تويى رەسمىيەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. توي قىلغان قىز-يىگىتلەرنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكراپ-تۇز سۈيىگە قاچىلانغان نان بۇردىسى يېگۈزۈلۈپ، «تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتقاي، ئائىلە تۇرمۇشى تۇزى تەگكەن تاماقتەك لەززەتلىك بولغاي، بالا-قازادىن يىراق بولغايسىلەر، ئۆمۈرلۈك جۈپ بولغايسىلەر، سۆز-ھەرىكەتلىرىڭلار تۇزدەك ئاز، مېغىزدەك ساز بولغاي!» قاتارلىق تىلەكلەر تىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردا، تويدىن بۇرۇنقى «چوڭ چاي»دا قىز تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدىغان تويلۇق سوۋغا-سالاملىرى ئىچىدە تۇز بولۇشى شەرت قىلىنغان، توي داستىخىنىنى ئاچىدىغان كىشىمۇ ئالدى بىلەن تۇزنى داستىخانغا تىزىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا سوۋغا-سالاملارنى تونۇشتۇرىدۇ، ئاتا-ئانىلار توي قىلغان باللىرىنىڭ ئۆيىنى تۇنجى قېتىم مۇبارەكلەپ بارغاندىمۇ تۇز ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن.

مىللىتىمىز يەنە تۇزنىڭ مىكروبسىزلاندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلگەچكە، «ساغلام بولسۇن» دېگەن ئۈستەك بىلەن، بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كېسىشتىن بۇرۇن تۇز سۇركەپ كېسىدۇ؛ بوۋاقنى بۆشۈككە تۇنجى بۆلىگەندە باش تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئورالغان تۇزنى قويۇپ قويىدۇ؛ تاش تۇزنىڭ قىزىقى ئىسسىق بىلەن سوغۇقتىن بولغان بەل، بوينى ئاغرىقلىرىنى داۋالايدۇ؛ شوخلا، گۆش قاتارلىقلارنى تۇز سۈيىدە ساقلايدىغان، ھەتتا

تارىم- تەكلىماكان بويلىرىدا ياشايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرىمىز ئارىسىدا كەتمىگەن مېھمانىنىڭ ئاستىغا تۇز قويۇپ قويۇپ كېتىشىنى تىلەيدىغان بىر خىل ئادەتلىرىمۇ بار. «ئېچىشقان يەرگەن تۇز سەپمىگىن» دېيىش ئارقىلىق، قىچىشمىغان يەرنى قاشلىماسلىق، يوق ئىشنى تېرىماسلىققا دالالەت قىلىنىدۇ.

2) ناننى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇر خەلقى ناننى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى «يامان بولىدۇ»، دەپ خالىغان يەرگە تاشلىمايدۇ. چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى كۆرسە ھەرگىز دەسسىمەيدۇ، تېرىۋېلىپ ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە قويۇپ قويىدۇ ياكى ئاغزىغا سالىدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ناننى قەدىرلەشكە دائىر ياخشى ئادەتلىرىدىن يەنە مۇنداقلىرى بار. (1) بىراۋ ئۇزاق يەرگە سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۇرۇق- تۇغقان ۋە باشقىلار ئۇنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەيدۇ ۋە نان يوللۇق تۇتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارىشىچە، «نان يۇملاق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ دىدارنىڭ تىمسالى، نان يوللۇق تۇتۇش — دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ (2) بىر ئادەم چۈشىدە نان چۈشىگەن بولسا، بۇنى ئۇيغۇرلار ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان يىراقتىكى ئۇرۇق- تۇغقانلار يۈز كۆرۈشىمىز، دەپ قارايدۇ؛ (3) تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ مېڭىش ئالدىدا قىز ئاتا- ئانىسى بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇلار قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ، بېشىدىن نان، سۇپىرا قاتارلىقلارنى ئۆرۈيدۇ؛ (4) ئۇيغۇرلار ھالقىلىق پەيتلەردە ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئىشەنچلىك قەسەم ئورنىدا «نان ئۇرسۇن»، «نان دەسسەپ بېرەي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ. «ۋاپاغا جاپا» قىلىدىغان نائىنساپ كىشىلەرنى «تۇزكور، ئاقنادچى» دەپ قارغايدۇ. دېمەك، بۇ خىل تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىدە ناننى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئەقىدە ئىپادىلەنگەن.

4) ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش پەرھىزلىرى

ئۇيغۇر خەلقى تاماق ئېتىش سەنئىتىگە، تاماقنىڭ تازىلىقىغا ۋە تەملىك بولۇشىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. تاماقلانغاندا تاماقنىڭ ھەققى- ھۆرمىتى، كانايغا كىرىپ كەتمەسلىكى، چۈشكۈرۈك تۇپەيلى چېچىلىپ ياكى تېز يېيىلىپ ئادەمنى زورۇقتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن، خولۇپ- خولۇپ ئاۋاز چىقارماي، گەپ قىلماي ھەم سىپايىلىك بىلەن ئاستىراق غىزالىنىشقا ئادەتلەنگەن. ناننى يېگەندە ناننى كۆپىنچە پۈتۈن چىشلەپ يېمەستىن، بەلكى ئۇشتۇپ يەيدۇ، قاچىدا يېيىلىدىغان تاماقنىمۇ قوچۇپ- مالتىلىماي مۇمكىنقەدەر بىر تەرەپتىن تۈگىتىپ يەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا مەلۇم سەۋەبلەردىن يېيىلمىگەن نان ياكى قاچىدىكى ئېشىپ قالغان تائامدا شۇ كىشىنىڭ ئېغىزىدىكى مىكروبلارنىڭ شۇ غىزا بىلەن بىرگە قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تاماققا قوشۇپ ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان. بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراققا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغاچقا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئەمما ئۇزۇقلۇق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا قورۇق ياكى ھۆل ئۈزۈمدىن مۇسەللەس، غوراپ (تولۇڭ) ئۈزۈمدىن مەيزاپ ئىشلەش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە بەزى رايونلاردا داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل ئىچىملىكلەرگە ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق ياكى ئۆزگىچە تاماق ئېتىلسە، ئۇنىڭدىن نېسۋە قىلىپ، يېقىن قولۇم- قوشنىلارغا ئۆزئارا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش ئادىتى بار. شۇنداقلا بەزى يېڭى تاماقلارنى، مەسىلەن، باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۈچۈرىسى، كۆدە مانتىسى، قاپاق ياكى كاۋا مانتىسى، يالپۇز بەنشىرىسى قاتارلىق تائاملارنى قوشنىلار، تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل- ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە ياخشى كۆڭۈل ۋە ئىززەت- ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە «يېڭىلىق تۇتىدىغان» ئادەت بار.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، مىللىتىمىز تاماقتىن بۇرۇن، تەرەتتىن كېيىن قول يۇيىدۇ، لۆڭگە ياكى قولياغلىق بىلەن قولنى سۈرتىدۇ، بولمىسا، تەبىئىي يوق، مەينەت، دەپ ئەيىبلىنىدۇ. چوڭ- كىچىك تاھارەت بىلەن بەدىنىنىڭ تازا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تاماققا بىر نەرسە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قازان بېشىغا خالىغانچە ياكى يالىڭاچ ھالەتتە بارمايدۇ، بىر نەرسە پۈلاڭلاتمايدۇ. ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن غىزا جىق بولۇپ

قالسا، كەلتۈرۈلگەندىلا ئۆزرە ئېيتىدۇ ياكى قاچىدىكى تاماقنى ئامالىنىڭ بارىچە ئاشۇرۇپ قويمايدۇ، تاماق ئاغزىغا تېتىمىغان تەقدىردىمۇ، «ۋاي مەززىلىك بوپتۇ، ئوخشاپتۇ»، دەپ ماختاپ يېيىش كېرەك. تاماق ئۈستىدە ۋە پاراڭلاشقاندا، بۇرنىنى تارتىش، بۇرۇن- قۇلاق كولاش، توختىماي چىش كوچىلاش، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش، تىرناق ئېلىش، ئاغزىنى توسۇماي تۇرۇپ ئەسنەش، چۈشكۈرۈش ھەم كېرىلىشتەك قىلىقلارنى قىلمايدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا شۇنداق قىلىش تەبىئەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. مېھمان داستىخان ئالدىدا پۇتىنى داستىخانغا قارىتىپ سۇنۇپ ئولتۇرماسلىقى، بولۇپمۇ پۇتىنى خالىغانچە كېرىپ ئولتۇرماسلىقى، داستىخان يىغىلماستىن بۇرۇن ئالدىراپ تۇرۇپ كەتمەسلىكى لازىم؛ تالاغا چىقىش زۆرۈرىيىتى بولغاندا، داستىخاننى دەسسەپ ياكى ئاتلاپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن رۇخسەتسىز ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۆتىدۇ، تاماقنىڭ قالدى- قاتتىلىرىنى يېيىلمىگەن غىزا ئۈستىگە قويمايدۇ. داستىخانغا دەسسىمەيدۇ، ئۇنداق قىلىش ساھىبخانىنى، مېھمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. غىزا- تاماقنى چاچىماي، پاكىز يېيىش، بۇزۇپ چېچىپ، ئىسراپ قىلماسلىق لازىم. بولمىسا، ئادەمنىڭ رىزقى كالتە بولۇپ قالىدۇ، دەپ يامان كۆرىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار يېمەك- ئىچمەكنى ئىسراپ قىلىش ۋە خارلاشنى ناھايىتى ئېغىر گۇناھ دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭدەك ساھىبخانغا ئارتۇقچە مالاللىق يەتكۈزمەسلىك لازىم. ئۇنداق قىلىش — ئۆي ئىگىسىنى ياراتمىغانلىق، ساھىبخانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ قەدرىنى چۈشۈرگەنلىك دەپ ھېسابلايدۇ. تاماق ئۈستىگە بىرسى كىرىپ كەلسە، ئۇنىڭغا تاماق قويماسلىق — قىزغانچۇقلۇق، ئاچكۆزلۈك، دەپ يامان كۆرىدۇ. «خەقنىڭ ئىچى (ھەققى، تەشناسى) كىرىپ قالىدۇ» دەپ قاراپ يېنىدىكىلەرگە سۇنىماي بىر نەرسە يېمەيدۇ. شۇنداقلا ئادەتتە يەنە «ئۇۋۇقى ئاسان چۈشۈپ قالىدۇ، تائامغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ» دەپ قاراپ، ئۆرە تۇرۇپ ھەم مېڭىپ كېتىۋېتىپمۇ نەرسە- كېرەك يېمەيدۇ.

«تەخسىراتقا كېتىمىز» دەپ قاراپ، مازارغا، كۆنگە، ئاي- يۇلتۇزغا قاراپ قولنى چىنەش- شىلتىش، تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، تەرەت قىلىشتەك قىلىقلارنى قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ مۇشۇ يەرگە كېلىدىغانلىقى، ئامال بار ئەسكى- پەسكى ئىشلارنى قىلىپ گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ ئۆزى، بالا- چاقىسى ۋە باشقا قېرىنداشلىرىنى قەبرىلەرنى پات- پات يوقلاپ تۇرۇشنى دائىملىق ئىشلارغا ئايلاندۇرغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادىتىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نىسپىي ھالدا ئۆزگىرىۋاتىدۇ ۋە يېڭىلىنىپ بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ قورۇما تاماقلارنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك- ئىچمەك ئادىتىگە قورۇما تۈرلىرىمۇ خېلى كەڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، لېكىن قورۇمىلارنىڭ تۈرى، ماتېرىيالى ۋە تەمى جەھەتتىن يەنىلا مەلۇم مىللىي ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت.

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت پەرھىزلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ھېكايە، چۆچەكلىرىدە، تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن ماقال- تەمسىل ۋە شېئىر- قوشاقلىرىدا، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت كۆز قارىشى ۋە ئىدېئالىزملىق ساددا قاراشلىرىدا پۈتكۈل كائىنات تۇپراق، ھاۋا (يەل)، ئوت (ئاتەش)، سۇ (سۇپ)دىن ئىبارەت تۆت ئېلېمېنتتىن يارالغان دەپ قارالغان. شۇنداقلا ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تۆت ئېلېمېنت (تۆت زات، تۆت ئاناسىر، تۆت ماددا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چۈشەنچىلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئاجايىپ قىزىقارلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەزمۇنىغا ئايلاندۇرغان.

تۇپراقنى ئانىغا تەڭلەشتۈرۈپ ئۇنى ئۇلۇغلاش — ئانا يەر، ئانا تۇپراق، ئانا ۋەتەن دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلارمۇ ئەنە شۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان.

خەلقىمىزنىڭ «تۆت ئېلېمېنت»نى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ ئىزلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، كېسەللەرنى داۋالاشتىكى ئەم- ئىرىم قائىدە

لىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئادەتتە داۋاملىق دېيىلىدىغان «تۆت پەسىل، «تۆت خىلىت» (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) قاتارلىق «تۆتلۈكلەر گۇرۇپپىسى»نىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئالەمنىڭ ئۇلى بولغان «تۆت ئېلېمېنت قارىشى»نىڭ سىمۋوللۇق ئىپادە قىلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ يادروسى — قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن «تۆت ئېلېمېنت» قارىشىدىن ئىبارەت دەپ ئېيتالايمىز.

خەلق ئارىسىدا يەنە ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرمەسلىك، سۇغا تەرەت قىلماسلىق، يالغۇز دەرەخنى كەسمەسلىك، مۈشۈكنى ئۆلتۈرمەسلىك، قارلىغاچنى تۇتماسلىق، ئۆينىڭ ئىشىكىنى شەرققە قاراتماسلىق، قىبلە تەرەپكە پۇتىنى سوزۇپ ياتماسلىق قاتارلىق دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىغا باغلانغان، بەزىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان.

«كىيىمنى تەتۈر كىيسە ئىش تەتۈرىگە چۆرۈلىدۇ»، «سۆپۈرگىنى بالىنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرسا، شۇ بالا پاكار بولۇپ قالىدۇ»، «قازاندىن ئاتلىسا قارا گەپكە يولۇقىدۇ»، «ئەخلەت بىلەن كۆلنى بىرگە ئالسا، شۇ ئۆيدە توي بىلەن ئۆلۈم بىرگە بولىدۇ»، «تولغاق تۇتۇۋاتقاندا ئۆيگە قالايمىقان ئادەم كىرىپ چىقسا، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى قىيىنلىشىپ قالىدۇ»، «قايچىدا تىرناق ئالسا، يامان بولىدۇ»، «مېكيان قىچقارسا بالا ـ قازا ياغىدۇ»، «ئەگىكنى تۇتۇپ ئولتۇرسا بەختسىز بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك ئوخشاش نۇرغۇن پەرھىزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ بولۇپ قالغان. دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قارىشىنىڭ نېگىزى — ئۇلى بولغاچقا، تۆۋەندە ئۇنىڭغا ئائىت پەرھىزلەرگە قاراپ باقايلى.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا دەل ـ دەرەخلەردىمۇ باشقا مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش روھ بولىدۇ دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەل ـ دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى دەرەخ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەنلىكى «مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى» قاتارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنە شۇ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى دەرەخلەرنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا سېغىنىش ئادىتى ساقلانماقتا. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدا، «ئالما، يامان روھلاردىن خالىي بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ»، دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن، دەپ ئالما پوستى ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سالىدۇ؛ ئۇيغۇرلار قېرى، يالغۇز دەرەخلەرنى تىلسىملىق دەرەخ دەپ قاراپ كەسمەيدۇ، ھەتتا بۇنداق دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق شۇ دەرەختكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ؛ خەلقىمىز ئۈجمە دەرىخىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى «ئۈجمە قويۇش ساۋابلىق» دېگەن ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغاچقا، ھەر بىر ئائىلىدە دېگۈدەك ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ئادەت بولۇپ كەلگەن؛ ئادەتتە بالا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈنگە توشقاندا، مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۆشۈككە سېلىش ئادىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك.


پايدىلانمىلار

1. ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام، «ئەجدادلىرىمىزدا مۇھىت ئېڭى ۋە بىزدىكى يامان بولىدۇلار»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 6 ـ سان، 63 ـ بەت؛

2. ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار تۈزگەن، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛

3. ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛

4. «قىيابەتنامە ۋە سالامنامە» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.


(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بىئو ـ خىمىيە فاكولتېتىدا)



خۇرسەنئاي مەمتى

# ئۇ مۇھەببەتكە موھتاج

ژۇرنال كۆرۈۋېتىپ ئىككى پارچە رەسىمگە كۆزۈم چۈشتى. بىرىدە كۆپ قەۋەتلىك بىنا جايلاشقان رايوندىكى ئەخلەتلەرنىڭ ئېگىزلەپ بىنانىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەنلىكى، دېرىزىلەردىن قاراۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەشۋىشلىك چىرايى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىرىدە يەر شارىنىڭ ئەتراپى ئەخلەت بىلەن قاپلىنىپ، يەر شارىنىڭ نەپەس ئالالماي قىينىلىپ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، رەسىمگە قارىساقلا ھازىرقى زاماندىكى ئەخلەت خەۋپىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. قەيەردە ئادەم بولىدىكەن، شۇ يەردە ئەخلەت بولىدۇ. ئەخلەت ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەلگىسى. ئەخلەت تار مەنىدىن ئېيتقاندا تەبىئەتتىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ چىقىرىندىسى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى داۋامىدا پەيدا بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ھايۋانلارنىڭمۇ ئەخلىتى بولىدۇ. بىراق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەخلىتى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئۇلار يەپ تاشلىغان نەرسىلەرنىڭ قالدۇقى، ياۋا مېۋە شۆپۈكلىرى، گۆشخور ھايۋانلاردىن ئاشقان ئۇستىخانلار، ئۇلار چىقار-



غان تېزەكلەر دېگەندەك، بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى تەبى-
ئەت ئۆزىگە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ تۇپراققا ئاي-
لاندۇرىدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ ئەخلەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن بىر
تەرەپ قىلىشى بولۇپ، بۇنداق ياخشى سۈپەتلىك ئايلى-
نىش ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈچۈن پايدىلىق.

ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە تاش قوراللار دەۋرىدىن
ئىلگىرى ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلەتلىرى ھايۋان-
لارنىڭ ئەخلىتى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتىكەن. كېيىن ئىن-
سانلار يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بىلگەندىن
باشلاپ، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىككى قولى ۋە چوڭ مې-
ڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەخ-
لىتى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئەخلىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىغان، ئىنسانلار شەددەت
بىلەن شەھەرلىشىش ۋە سانائەتلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋات-
قان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ چىقارغان ئەخلىتى ھاي-
ۋانلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا مەيلى سان ياكى سۈپەت
جەھەتتىن بولسۇن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بولدى. ئىنسان-
لارنىڭ ئەخلىتى تەبىئەتنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدىن
ئېشىپ كېتىپ، بارغانسېرى تەبىئەتكە، جۇملىدىن يەر شا-
رىغا يۈك بولۇشقا باشلىدى، بۈگۈنگە كەلگەندە ئەخلەت
ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىتقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، يەر شا-
رىنى ھالسىرىتىپ قويماقتا.

ئۈچۈر دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، مۇھىت-
نىڭ بۇلغىنىشىغا دائىر قورقۇنچلۇق خەۋەرلەرنىڭ ئەتراپى-
مىزدا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەر شارىنىڭ تەسەۋۋۇر-
مىزدىكىدەك ئۇنچە چوڭ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق.
ئەنە شۇ كىچىككىنە يەر شارىدا يۈز بېرىۋاتقان يەر
شارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، نوپۇسنىڭ كۆ-
پىيىشى، ئوت ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى، كىسلاتالىق
يامغۇر، دېڭىز - ئوكيان سۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى،
دەريا - كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، تۇپراقنىڭ
قۇملىشىشى، تۈرلۈك ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ يوقىلى-
شى قاتارلىق ئەھۋاللار يەر شارى مۇھىت كرىزىسى-
نىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن مۇھىتقا بىۋاستە تەسىر كۆرسى-
تىۋاتقان ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھا-
زىرقى ۋاقىتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.
چۈنكى ئەخلەت قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ
چىقىرىندىسى سۈپىتىدە بىز بىلەن بىللە بولۇپ كەل-
گەچكە، بىز ئۇنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالدۇق. ئەگەر
ئەخلەتتىن ئۆزىمىزگە كېلىۋاتقان يوشۇرۇن خەۋپ - خە-
تەرنى ئالدىن ھېس قىلمايدىغان بولساق، ئىنسانلار مەۋ-
جۇتلۇقىنىڭ بەلگىسى بولغان ئەخلەت ئاخىرىدا ئىنسانىيەت-
نى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم
قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ گۆرىگە ئايلىنىدۇ.

مۇھىتنى قوغداش ئېڭى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتقا
تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ مۇھىت ئېڭى ئالدى بىلەن شۇ
مىللەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەبىئىي ھاياتلىق مۇھىتى ۋە ئۇ-
نىڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىنى،
ھاياتلىق كۆرەشلىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

جۇملىدىن، يۇقىرىقى نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، ئۇي-
غۇرلاردا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن، تەبىئىي مۇھىتقا
ماسلاشقان مۇھىت ئاسراش، يەنى ئەخلەت بىر تەرەپ
قىلىش ئادەتلىرى مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، ئادەم ۋە
ھايۋانلارنىڭ گەندىسىنى ئېتىزغا ئوغۇت قىلىش، مېۋە -
چېۋە شۆپۈكلىرى، ئىستېمال قىلغان گۆشلەرنىڭ ئۇستى-
خانلىرى، داستىخاندىن ئاشقان يېمەكلىك، نان ئۇۋۇندىلى-
رى، ئاش، كۆكتات سۈيى قاتارلىقلارنى ئات - كالا،
قوي، توخۇ، كەپتەر، ئىت قاتارلىق قۇش، ھايۋانلارغا
بېرىش، ئۆيىدە بۇ ھايۋانلار بولمىسا، قوشنىسىغا سۇنۇش
ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلاتتى. كۆز ئايلىرىدا مەھەللە - مە-
ھەللىدە غازاڭ يىغىش قىزىپ كېتەتتى. غازاڭ يىغقۇچىلار
غازاڭنى قىشتا مال - چارۋىسىنىڭ يېمىكى قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇ چاغلاردا كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنغاچقا، كۆلنى تۇپراقنىڭ زەيلىكىنى ئالدۇ دەپ قاراپ، تام تۈۋىلىرىدىكى زەي جايلارغا تۆكۈپ قوياتتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆستەڭ، دەريا بويلىرىدا كىر يۇماسلىق، يۇندىلارنى سۇغا تۆكمەسلىك، سۇغا تەرەت قىلماسلىق، سۇغا ئەخلەت تۆكمەسلىك قاتارلىق قائىدە ـ ئادەتلەر «يامان بولىدۇ»غان ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىنتىزام دەپ بىلىنىپ پەرھىز سۈپىتىدە تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەنىدى. يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا ھازىرمۇ بۇ ئادەت مەۋجۇت. ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشتىكى ئەخلەتلەرنى مانا مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈردى، شۇنداقلا تەبىئىي مۇھىتقا مۇئەييەن مەدەنىيەت مەزمۇنى ئاتا قىلدى.

بۇ خىل ئەھۋال قەدىمكى دەۋرلەردە باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنداق بولغان بولۇشى ئېھتىمال، بىراق زامان تەرەققىي قىلىپ شەھەرلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئاجىزلاپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش خاھىشى كۈچلەندى.



يەر شارىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، مەدەنىيلىككە يۈزلىنىش تارىخىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئاساسەن ئېكولوگىينى بۇزۇش بەدىلىگە كەلگەن. تۇپراقنىڭ قۇملىشىشى، شورلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت مۇھىت كرىزىسى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

بۈگۈنكى سانائەتلىشىش ۋە ماشىنىلىشىش بىر تەرەپتىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھىتنى ئېغىر بۇلغىماقتا. سانائەت ئەخلىتى تەبىئەت ئۆچۈن ھەزىم قىلماق ئەڭ ئېغىر ئەخلەت، سانائەت ئەخلىتى تۇپراق خاراكتېرىنى بۇزسا، سانائەت يۇندىلىرى دەريا ـ كۆللەرنىڭ سۈيىنىڭ خاراكتېرىنى بۇزىدۇ. شۇڭا تەبىئىي مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاش بەدىلىگە قولغا كەلگەن «تەرەققىيات»نى «تەرەققىيات» دېيىش يەڭگىلتەكلىك قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سانائەت داشقاللىرى، زاۋۇتلارنىڭ يۇندىلىرى، يادرو ئەخلىتى، كېرەكسىز باتارېيە، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، توڭلاتقۇ، ماشىنا بالونلىرى دېگەندەك نەرسىلەر ئالىي ئەخلەتلەر بولۇپ، مۇنداق ئەخلەتنى تەبىئەت قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۇپراقتىكى، ھاۋادىكى زىيانلىق تەسىرى 100 يىل، 1000 يىل ھەتتا مىليون يىللارغىچە داۋاملىشىدۇ.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا دۆلىتىمىزدە ھەر يىلى 6 مىليارد توننا ئەخلەت چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىگىلەيدىغان كۆلىمى 500 مىليون كۋادرات مېتىر يەرگە يېتىدىكەن. ھازىر مەملىكىتىمىز بويىچە شەھەرلەرنىڭ سانى 660 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 200 گە يېقىن شەھەر ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىدە تۇرماقتا.

دۆلىتىمىزنىڭ ھەر يىللىق سۇلياۋ ئەخلەتلىرىنىڭ ئۆزىلا 1 مىليون توننىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ يولۇچىلار پويىزىدا ھەر يىلى 800 مىليون دانە بىر قېتىملىق قاچا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ 50% نى تۆمۈريول بويلىرىغا تاشلىۋېتىدىكەن.

بىر قېتىملىق چوكىنى ئەسلىي ياپونىيىلىكلەر كەشىپ قىلغان. ياپونىيە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 65% كە يەتكەن دۆلەت، لېكىن ئۇلار ئۆز ئورمانلىرىنى كېسىپ چوكا ياساپ باققان ئەمەس. بۇنداق چوكىلارنى ئۇلار



قالغان ئەخلەت بولىدۇ.

1863 - يىلىدىن باشلاپ تىببىي ساھەدە «مىكروب ئىنسان سالامەتلىكىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى» دەيدىغان قاراش ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. مىكروبقا قارشى دورا - ئوكۇل ۋە مۇداپىئە ۋاكسىنىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئەمما، نۇرغۇن ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن بۇ دورا - ئوكۇللارنىڭ ئۈنۈمى يەنىلا كۆرۈنەرلىك بولمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان مېڭە قان - تومۇر كېسەللىكلىرى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، راك، دىئابىت قاتارلىق كېسەللەرنىڭ تەھدىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ. ھازىر ئىلىم - پەندە كېسەللىك ۋە قېرىشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا «ئىرسىيەتلىك گېن نەزەرىيىسى»، «كلىنكىلارنىڭ قېرىش نەزەرىيىسى»، «تۇرمۇش ئۇسۇلى نەزەرىيىسى»، «مۇھىت نەزەرىيىسى» دەيدىغان نۇرغۇن نەزەرىيىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆزلۈكىدىن زەھەرلىنىش نەزەرىيىسى» ئىنساننىڭ كېسەللىك ۋە قېرىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق نەزەرىيە بولۇپ سانالماقتا. بۇ نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ئەخلەتلەر ئادەمنىڭ ساغلام ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان «باش جىنايەتچى» ھېسابلىنىدۇ.

رۇسلارنىڭ ئاتاقلىق كۈتۈنۈش مۇتەخەسسىسى ئادرىيوف «بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى ۋە يىلتىزى ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا يىغىلىپ قالغان ئەخلەتتە» دېگەن.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ھازىرقى زامان ئادەملەرنىڭ بەدەن ئەھۋالى، ياش پەرقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ بەدىنىدە ئۈچ كىلوگرامدىن 25 كىلوگرامغىچە ئەخلەت بولىدىكەن، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەخلەت ھەر كۈنى ئادەم بەدىنىدىن سىرتقا چىقىدىغان گەندە، سۈيدۈك، تەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. پەقەت ئادەم بەدىنىدىكى ماددا ئالمىشىش جەريانىدا سىرتقا بولماي ياكى سىرتقا چىقىپ كەتمىگەن قالدۇقلاردۇر.

چەتتىن ئىمپورت قىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 14% تۇرۇقلۇق بىز دۇنيادىكى بىر قېتىملىق چوكا ئىشلەپ چىقىرىدىغان چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىمىز، پەقەت ياپونىيىگىلا ھەر يىلى 15 مىليارد جۈپ چوكا ئېكسپورت قىلىمىز.

دۆلىتىمىزدە قەغەز ئىسراپچىلىقىمۇ ناھايىتى ئېغىر. ھەر يىلى قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈنلا 10 مىليون كۇب مېتىر ياغاچ سەرپ بولىدۇ. بۇمۇ يېتىشمەي چەتتىن ھەر يىلى يەنە 4 مىليون تونىنا قەغەز ئىمپورت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى قانچىلىك ئورماننىڭ كېسىلىدىغىنىنى ئويلىسا كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ھازىر سۇدىكى بۇلغىنىشنىڭ 30%ى قەغەز زاۋۇتلىرى قويۇپ بەرگەن يۇندىلاردىن بولىدىكەن. شۇڭا قەغەزنى ئىقتىساد قىلىش ئورمانلىرىمىزنى ئاسرىغان بىلەن باراۋەر.

يەر شارىدا ھازىر ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن جاي قالمىغاچقا ئەخلەتسىز يەرمۇ يوق بولۇپ قالدى. جەنۇبىي قۇتۇپتىن تاكى شىمالىي قۇتۇپقىچە، تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ تەكتىگىچە ھەممە يەردىن ئەخلەت تېپىلىدۇ. ئىنسان ئىز باسقان پىلانىت ۋە ئىنسان قولى بىلەن ياسالغان تەجرىبە ئەسۋابلىرى ئۇچۇپ يۈرگەن ئالەم بوشلۇقىمۇ ئەخلەتتىن خالىي ئەمەس.

ئادەم بەدىنىگە نەزەر ئاغدۇرساق، ئادەم بەدىنىنىڭ ئۈچەي، جىگەر، ئۆت يولى، ئۆت سۈيۈقلۇقى، قان بوغۇنلار، لىمفا، تېرە، ھۈجەيرە ئارىلىقىدىمۇ يىغىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەدەندىكى ئەخلەت زادى قانداق پەيدا بولىدۇ؟

ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى ئاشلىقنىڭ بۇزۇلۇشىنى پەيدا قىلدى. ئاشلىقنى پىششىقلاش جەريانىدا بەزى خىمىيلىك تەركىبلەر قوشۇلدى، «ئەخلەت يېمەكلىك»لەرنى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا يېمەكلىكتىكى زىيانلىق تەركىبلەر ئادەم بەدىنىدە يىغىلىپ ئەخلەت ھاسىل قىلدى. بۇ ئەخلەتلەر ماددا ئالمىششىقا بۇزغۇنچىلىق قىلدۇ - دە، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ۋە بەدەندىكى باكتېرىيىلەر بىلەن بىرلىشىش نەتىجىسىدە قاننى بۇلغايدۇ، مانا بۇ ئادەمنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى.

ھىندىستاننىڭ قەدىمىي تېبابەت دەستۇرلىرىغا: «ئۈچەينى تازىلاشنىڭ ئۆزى 80% ئاغرىققا داۋا» دەپ يېزىلغانىكەن. «ئۈچەينى تازىلاش» بەدەندىكى ئەخلەتلەرنى چىقىرىۋېتىش دېمەكتۇر. مىلادىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن گرېتسىيە تېۋىپلىرى «بەدەننىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارى شۇ بەدەننىڭ دوختۇرى. دوختۇرلارنىڭ ۋەزىپىسى بەدەننىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنىڭ جارى بولۇشىغا ياردەمدە بولۇش بولسىلا كۇپايە» دېگەنىكەن.

بەدەندىكى ئەخلەتلەر دەل ئاشۇ بەدەننىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان دۈشمەندۇر.

يەر شارىمۇ بىزنىڭ بەدىنىمىزگە ئوخشاش، چۈنكى ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت تازىلانماي تۇرۇپ، بەدىنىمىزدىكى ئەخلەتنى تازىلاش مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكى يەر شارىدا يۈز بېرىۋاتقان نورمالسىز ھادىسىلەر، يەنى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، دېڭىز تاشقىنى، قۇرغاقچىلىق، يەر تەۋرەش، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان كېسەللىكلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاساسلىقى ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىكى بۇلغىنىشتىن بولغان، بۇ بۇلغىنىشنىڭ سەۋەبى دەل يەر شارىغا ئېغىر يۈك بولۇۋاتقان ئەخلەتتۇر، يەر شارىدىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن ئۈنىڭدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاش كېرەك.

ھازىر يەر شارىدىكى بارلىق تەبىئىي بايلىقلار خوراپ تۈگەشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. بۇنىڭ ئەكسىچە كۆپىيىۋاتقىنى ئەخلەت بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت يەر شارىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن جەزمەن ئەخلەتلەرنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش، ئەخلەتلەردىن قايتا پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك، ئىقتىسادشۇناسلار «ئەخلەتتىن قايتا پايدىلىنىش 21 - ئەسىردىكى مۇھىم بىر ئىنقىلاب» دەپ قارايدۇ.

بىراق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگىنى بىلەن مۇھىت ئېڭى بارغانسېرى سۇسلاپ كەتتى. ئىنسانلاردىكى ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، بىلىمسىزلىكتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەر خىل ئىسراپچىلىقلار ئەخلەت دۆۋىلىرىنى بارغانسېرى ئېگىزلەتمەكتە. ھەر خىل سودا ئېلانلىرى ھەدەپ كىشىلەرنى پۇل خەجلەشكە رىغبەتلەندۇرۇۋاتقاچقا، ھازىر ئىقتىسادچانلىق كىشىلەر نەزەرىدە كۆلكىلىك بىلىنىپ پىخسىقلىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساختا مال ئىشلەش بىلەن يانچۇقنى تومپايتىۋاتقان نەپسانىيەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ساختا مال ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ يالغۇز ئىستېمالچىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش مەسئۇلىيىتىلا بولۇپ قالماي، مۇھىتنى بۇلغاشتىمۇ ئەڭ ئېغىر جىنايىتى بار. ساختا مال ئىشلەپ چىقارغۇچىلار خام ئەشيالارنى زور دەرىجىدە ئىسراپ قىلىدۇ، ساختا مال قولدىن قولغا ئۆتە - ئۆتەمەيلا ئەخلەتكە تاشلىنىدۇ.

ئۈنىڭدىن باشقا تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىمىزنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىمىز



2009.5



تەبىئەت مىراسنى تۈگىتىشىمىز ھېسابلىنىدۇ.

ھايۋانلارنى خالىغانچە سىناق قىلىش تۈپەيلىدىن ئېرىشكىنىمىزدىن يوقاتقىنىمىز بەك كۆپ بولدى.

مەسىلەن، چاشقانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك زەھەرلىك يېمەكلىك، زەھەرلىك دورا ياساپ، توختىماستىن يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن چاشقانلارنىڭ بەدىنىدە تەدرىجىي ھالدا بۇ زەھەرلىك دورىغا قارشى تۇرالايدىغان كۈچلۈك ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى شەكىللەندى ۋە بۇ خىمىيلىك تەركىبلەر چاشقانلارنىڭ گېن تىپىنى ئۆزگەرتىپ، ھەم چوڭ، ھەم كۈچلۈك چاشقانلار بارلىققا كەلدى.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئامېرىكىلىقلار پەقەت ۋاقتى ئۆتتى دەپ قاراپ، ھەر يىلى 16 مىليارد يۇرۇش كىيىم - كېچەك، 1 مىليارد 600 مىليون دانە ماي قەلەم، 2 مىليارد بىرتىۋا (تىغ)، 220 مىليون دانە بالوننى تۈپراققا تاشلايدىكەن. لېكىن بۇگۈنكى كۈندە غەربتىكى بەزى مەملىكەتلەر نەچچە يۈز تونىنا زەھەرلىك ئەخلەتنى مۇنداق زەھەرلىك نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى، ئىقتىدارى يوق كەمبەغەل دۆلەتلەرگە ئەكىلىپ تۆكمەكتە، يەنە نەچچە يۈز تونىنا ئەخلەت پاراخوت، ماشىنىلارغا قاچىلىنىپ، تۆكۈلىدىغان يەرنى ئىزدەپ دېڭىزدا، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللاردا «ساياھەت» قىلىپ يۈرىدىكەن. بۇنى باي دۆلەتلەرنىڭ كەمبەغەل دۆلەتلەرگە يۆرگۈزۈۋاتقان ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇشى دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن مېنىڭچە ئەخلەتنى بۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن ئەقىلسىزلىق، چۈنكى دۇنيادا پەقەت بىرلا يەر شارى بار. سىز ئەخلەتنى نەگىلا تۆكمەڭ، ھامان بىر كۈنى سىزنىڭ مۇھىتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇھىت ئاسراشقا بارلىق ئەللەر جىددىي ھەم ئىلمىي قارىشى زۆرۈر.

ھازىر ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىق، تۈرگە ئايرىپ تۆكۈش، سۇلياۋ خالتا ۋە بىر قېتىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق تەدبىرلەر ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى ئازايتىشتىكى مۇھىم چارىسى بولۇپ قالدى. بىراق ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزغا قارىساق، بۇ چارىلەرنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئەمەس. تۈرگە ئايرىلغان ئەخلەت قاچىلىرى قويۇلغان بولسىمۇ ئەخلەت ئۇنداق تاشلانمىغان، ئاشخانىلاردا يەنىلا بىر قېتىملىق قاچا - قۇچىلار ئىشلىتىلىۋاتقان، نەگىلا قارىسىڭىز سۇلياۋ خالتىلار ئۇچۇپ يۈرگەن ھالەت چېلىقىدۇ. مۇشۇ كۈندە ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ يەنە سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاپ، تۇپراققا كۆمىدىغان ئەخمىقانىلىقمۇ يوق ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھىتنى يېشىللاشتۇرۇش، ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ھەرقايسى جايلارنىڭ تۇپراق خاراكتېرىگە ماس كەلمىگەن «سۈنئىي گۈزەللەشتۈرۈش» «چىملاشتۇرۇش» قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، مۇھىتقا ئەكسىچە تەسىر كۆرسەتتى.

يۇقىرىدا دېيىلگەن ۋە دېيىلمىگەن بەزى نامۇۋاپىق، ئىلمىي بولمىغان ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش ۋە مۇھىت ئاسراش ئۇسۇللىرى يەر شارىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنى ئويلىنىشقا ۋە بۇ جەھەتتە بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئەخلەت مۇھىت ئاسراش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۇ بىر يوشۇرۇن بايلىق. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، دۆلىتىمىز شەھەرلىرىنىڭ ئەخلەتلەر تۈپەيلى ھەر يىلى تارتىدىغان زىيىنى 30 مىليارد يۈەنگە يېتىدىكەن. لېكىن شۇ ئەخلەتتىن پايدىلىنىشنى بىلسە 250 مىليارد يۈەنلىك بايلىق ياراتقىلى بولىدىكەن. ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ قايتا پاي-



دىلىنىش، قايتا پايدىلانغىلى بولمايدىغانلىرىنى كۆيدۈرۈپ توك هاسىل قىلىش تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى بولۇپ قالدى.

ئارخېئولوگلارنىڭ نەزەرىدىكى ئەخلەت ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ شۇ ئەخلەتنى تاشلىغۇچىلارنىڭ قاچان، قانداق ياشايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئۇچۇر. ئارخېئولوگلار ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياققان گۈلخانلارنىڭ كۈلىدىن ئۇلار ياشىغان دەۋرنى ھېسابلاپ چىقالايدۇ. قەيەردە ئەخلەت بولىدىكەن، شۇ جايغا يىراق بولمىغان جايدا جەزمەن ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ جايى ئۇچرايدۇ. شۇ ئەخلەتلەرگە قاراپ شۇ زاماندا ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى، تۇرمۇش، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى، مەدەنىيەت دەرىجىسى قاتارلىقلارغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى بىز تاشلىغان ئەخلەتلەرمۇ بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆزىمىز توغرىسىدا نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. ئەخلەت ئىچىدىكى زىيانلىق خىمىيۋى بىرىكمىلەر، رادىئوئاكتىپلىق ماددىلارنىڭ ئېشىپ بېرىشى بۈگۈنكى زامانىۋى جەمئىيىتىمىزنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

خام ئەشيانى تېجەش، مۇھىتنى، تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش، ئەخلەتلەرنى ئازايتىش ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىلمىي ئىش قىلمىساق، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز بىز دۆۋىلىۋەتكەن ئەخلەتلەرگە قاراپ بىزدىن نەپرەتلىنىشى مۇمكىن.

يېقىنقى نەچچە يىللاردىن بۇيان ئىنسانلار ئەتراپىدىكى ئەخلەتتىن، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ زور دەرىجىدە بۇلغىنىشىدىن قاتتىق چۆچۈدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا قايتا ئويلىنىپ سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى نەتىجىلەر بىلەن تەڭ ئۇچرىغان ئېكولوگىيىلىك كرىزىسنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى ۋە بۇ خىل كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەت يېڭى بىر خىل تەرەققىيات يولىنى تاللاشنىڭ، يەنى سانائەت مەدەنىيىتىگە ئىگە جەمئىيەتتىن، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەتكە ئۆتۈشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. مەدەنىيەت ئېكولوگىيىگە ئىگە جەمئىيەتتە يەر شارىدىكى بارلىق جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان، بىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتى يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى شەرت قىلغان بولۇپ، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ مۇھىت كرىزىسىغا ئورتاق يۈزلىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

دۆلىتىمىزدە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى قۇرۇش، بۇ ئارقىلىق مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاۋام خەلقنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەتتە تەرەققىيات ھەم توختاپ قالمايدۇ، ھەم يېشىللىق خازانلاشمايدۇ. دۇنيادا پەقەت بىرلا يەر شارى بار، يەر شارى پەقەت ئىنسانلارغىلا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى يەر شارىدا مەۋجۇت ھەممىگە تەئەللۇق. ئۇ، يەر شارىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئانىسى، شۇ جۈملىدىن ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئانىسى. ھەممىمىزنىڭ ئانىمىزنى سۆيۈش، ئۇنى ئاسراش، قوغداش، گۈزەللەشتۈرۈش، ئىللىق مېھىر - مۇھەببىتىمىز بىلەن ئۇنى خۇشاللاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئۇنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلىش ھەققىمىز يوق!

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى)

2009.5

# كۆچ بىرلىكتە

(مەسەل)



بۇرۇنقى زاماندا ئويتوغراق تەرەپتە بىر دېھقان بار
ئىكەن. دېھقاننىڭ جان سانى كۆپ، باللىرى كىچىك
ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىز- ئارەكتىن تارتىپ، تۈگمەن-
تېزەككىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى ئۆزى قىلىدد-
كەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇن تۈگەپ كېتىپتۇ،
دېھقان ئېشىكىگە بىر تاغار قوناقنى ئارتىپ تۈگمەنگە مې-
ڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ-
تۇ. بوران توختىغاندىن كېيىن قارىسا ئېشىكى يوق،
دېھقان ئۇياق- بۇياقنى ئىزدەپ بېقىپتۇ، ئېشەكنى تاپالماپ-
تۇ.

ئېشەك مېڭىپ- مېڭىپ بىر جاڭگالنىڭ يېنىغا كېلىپ
قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا ئالدىدا كىرپە تۇرغىدەك. كىرپە
ئېشەككە قاراپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئېشەك ئاكا! سەپىرىڭىز قا-
ياققا؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئېشەك:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئىنىم كىرپە! مەن ئۆز ئە-
گەمنى ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن، ئۇنى تاپقاندىن كېيىن
تۈگمەنگە بارىمەن، — دەپتۇ. كىرپە:

— مېنىمۇ ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالساڭ، يالغۇزلۇقتا
بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم، مەنمۇ ئىگەڭنى ئىزدىشىپ
بەرسەم ۋە تۈگمەنگىمۇ بىللە بارسام، — دەپتۇ. ئېشەكمۇ
«زېرىكىپ يالغۇز ماڭغىچە ھەمراھلىشىپ ماڭمايمۇ» دەپ
ئويلاپ:

— سەن مەن بىلەن تەڭ ماڭالمايسەن، ئۈستۈمگە
چىقىپ ئولتۇرغىن، — دەپ كىرپىگە يېقىنراق كەپتۇ.
كىرپە ئېشەككە يامىشىپ تاغارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇ-
رۇپتۇ ۋە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار مېڭىپ بىر يەرگە
كەلگەندە بىر خوراز ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا تىنچلىق-
ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن خوراز ئۇلارغا ھەمراھ
بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئېشەك بىلەن كىرپە قو-
شۇلۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچەيلەن يولنى داۋام قىپتۇ،
يەنە بىرئازدىن كېيىن ئۇلارغا بىر قوچقار ئۇچراپتۇ.
قوچقار ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، — مېنى-
مۇ ئاراڭلارغا قوشۇۋالساڭلار، — دەپتۇ ۋە ئۇلارغا قو-
شۇلۇپ مېڭىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار تۆتەيلەن ئۆزئارا
دوست بولۇپ ئەگرى- توقاي يوللارنى بېسىپ، ئېگىز-
پەس داۋانلاردىن ئېشىپ، ئېشەك ھاڭراپ، قوچقار
مەرەپ، خوراز ئۇسسۇل ئويناپ خۇشال- خۇرام كېتى-
ۋاتسا، جاڭگالدىن بىر ئاچ بۆرە چىقىپ ئۇلارنىڭ ئال-
دىنى توسۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوراز بىر توغراقنىڭ ئۈس-
تىگە چىقىۋاپتۇ، قوچقار ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپتۇ. كىرپە بىر
ئورەككە كىرىپ تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ، ئاچكۆز بۆرە ئۆزىچە
كەلگەن بۇ تەييار «غىزا»غا خۇشال بولۇپ دەرھال ھۇ-

جۇمغا ئۆتۈپ ئېشەككە ئېتىلىپتۇ. بۆرە ئېشەكنىڭ چاتىرىقىغا بېشىنى ئاپارغان ھامان ئېشەكمۇ بوش كەلمەي ئىككى پۇتى بىلەن بۆرىنىڭ بويىنىنى قىسىۋاپتۇ، بۆرە قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ بېشىنى ئاجرىتالماپتۇ، بۇنى كۆرگەن قوچقار كېلىپ كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ بۆرىنى بىر قانچىنى ئۈسسۈپتۇ، خوراز توغراقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، — بەك سال! يەنە سال! — دەپ ۋارقىراپ قوچقارغا مەدەت بەرگىلى تۇرۇپتۇ، كىرپە يەردىن توپا چىقىرىپ، بۇ ئەبلەخنىڭ يەرلىكىنى چوڭقۇر كولامدىمەن، دۆگمۇ؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ بۆرىنىڭ جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. قوچقار يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بار كۈچى بىلەن بۆرىنى ئۈسسۈپتۇ، بۆرىنىڭ ھالى قالماپتۇ. ئېشەك بۆرىنى ئۆلدى، دەپ ئويلاپ پۇتىنى بوشاتقانىكەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۆرە ئۆلە-تىرىلىشكە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ، مىڭبىر تەسلىكتە ئۆز ئۇۋىسىغا بېرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر بۆرە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— نەگە باردىڭلار ئاداش، نېمە بولدى؟ بەك خاپا كۆرۈنۈسىلغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بۆرە:

— نەگە باراتتىم، يولدا كېتىۋاتسام بىر ئېشەك ئۇچرىدى، تەييار غىزاغا ئۇچراپتىمەن دەپ خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ياغلىق ھېسسېنى سۇغۇرۇپ يەي دەپ يېنىغا بارسام ئىككى پۇتى بىلەن بوينۇمدىن قىسىۋالدى. ئۇنىڭ يوغان مۈڭگۈزلۈك بىر دورغىسى بار ئىكەن، ئۇ غەزەپ بىلەن بىر نەچچە يۈزنى ئۈسسۈۋەتتى، يەنە بىر دورغىسى بار ئىكەن، ئۇ توغراقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ۋارقىراپ قوچقارغا بەك سال، مەھكەم سال، دەپ توۋلاپ تۇردى. يەنە بىرسى چوڭقۇر كولامدىمەن قانداق دەپ يەرلىكىمنى كولىدى، ئۇلاردىن قورقۇپ جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، ئاخىر مىلىڭ بالادا ئاران قېچىپ كەلدىم دەپتۇ-دە، ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپتۇ.

ئېشەك، قوچقار، خوراز، كىرپە بىرلىشىپ بۆرىنى يەڭگەن غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىپ «كۈچ بىرلىكتە» ئىكەن دېيىشىپ خۇشال-خۇرام يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇراخمان توختى (تاشيول ئىدارىسىدىن)

توپلىغۇچى: مەتسەيدى ئىمىن، ئەھەت ئوبۇلقاسىم

«كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى

# «تارىم» ژۇرنىلىدىن ئوقۇرمەنلەرگە سالام!

«تارىم » ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ساپ ژۇرنال. «تارىم» ژۇرنىلى تۇرمۇشنىڭ رەڭمۇرەڭ كۆرۈنۈشلىرىدە ھايات ھەقىقەتلىرىنى نامايش قىلىدىغان، قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدىغان كاتتا ژۇرنال!

«تارىم» ژۇرنىلى ئانا تارىم بوستانلىقىدا ئەلمىساقتىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ دىل جۇلاسى، تىل ناۋاسى ھەم جۇشقۇن يۈرەك ساداسىدۇر.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تارىملىقلارنىڭ پۇشتى ۋە تارىم پەرزەنتى ھېسابلىسىڭىز، ئۆز شەجەرىڭىز، ئۆز ھېكايىڭىزنى قايتا ۋاراقلاپ، ھاياتىڭىزغا تېخىمۇ ئىقبال ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، ئۇيغۇرنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان «تارىم» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ، ئۆمۈربويى ئوقۇڭ. دەۋر روھىغا تويۇنغان، ئانا تىل، ئانا يېزىقىڭىزدىكى ساپ ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بۇ كاتتا قامۇسى سەپىرىڭىزگە رەھنەمالىق، روھىي رەنجىڭىزگە ھۇزۇر، ئۆزىڭىزگە غۇرۇر بېغىشلايدۇ.

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 66 — 58، يەككە باھاسى يەتتە يۈەن، يېرىم يىللىقى 42 يۈەن، بىر يىللىقى 84 يۈەن.

ھۆرمەت بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# سورۇندارچىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ۋە مەنىۋى غۇربەتچىلىك



تۇرسۇن مۇھەممەد توختى

مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ قانداقلىقى، بولۇپمۇ شۇ توپنى تەشكىل قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ۋاقىتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئىلىمگە ئىنتىلىش روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى دېگەنگە ئوخشاش ئالاھىدە قىممەت قاراشنى شەكىللەندۈرىدىغان ماھىيەتلىك ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىۋاتقان ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ۋاقىتنى كۆپىنچە ئۇنۇمسىز، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقتىن، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بولۇپمۇ نوقۇل يەپ-ئىچىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئىچ پۇشۇقى چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان سورۇنلارنىڭ جەمئىيەتلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى، تۈرلۈك ناملاردىكى چاي، مەرىكە، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى شۇ جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي توپنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالارنىڭ مەنىۋىيىتى جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، ناچار ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزلۈك قىممىتىنى يوقىتىشتەك كرىزىس پاتقىقىغا پېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سورۇندارچىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ھەرگىزمۇ ئېغىزنىڭ مايلىشىپ، ياندۇقنىڭ تولاشقانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ غورۇرنى سۇندۇرۇشىدىن، ئەقىل-پاراسەتنىڭ زەئىپلىشىپ نادانلىقنىڭ قۇترىشىدىن، شۇنداقلا كىملىك تۇيغۇنىڭ يوقلىپ بېرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

داڭلىق پسىخولوگ ئابراھام ماسلوۋ ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا: 1. فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج (يېمەكلىك، سۇ، جىنس)؛ 2. بىخەتەرلىك ئېھتىياجى (قوغدىنىش، تۇرالغۇ، غورۇر ۋە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى)؛ 3. تەۋەلىك ۋە مۇھەببەت ئېھتىياجى؛ 4. ھۆرمەت ئېھتىياجى؛ 5. بىلىش ۋە چۈشىنىش ئېھتىياجى؛ 6. ئېستېتىك ئېھتىياجى؛ 7. ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش ئېھتىياجى (يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش)؛ 8. ھالقىش ئېھتىياجىدىن ئىبارەت سەككىز قاتلامغا بۆلگەن بولۇپ، ئۇ تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج قانائەتكە ئىگە بولمىسا يۇقىرى قاتلاملاردىكى ئېھتىياجلارنىڭ ئۇيقۇ ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەلۋەتتە ئادەم نوقۇل ھالدا بىرەر ئېھتىياج قاتلىمىغىلا تەۋە بولمايدۇ، مەسىلەن، بىر ئادەمنى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج قاتلىمىغا تەۋە، دەپ قارىغاندىمۇ ئۇنىڭدا فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرۈش ئىپادىلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرى ئېھتىياج قاتلىمىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر تۆۋەن ئېھتىياج قاتلاملىرىنىڭ مەنە ماھىيىتىنى چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ جەھەتتە بەلگىلىك تەجرىبە ۋە تەسىراتقا، شۇنداقلا قانائەت تۇيغۇسىغا ئىگە. لېكىن تۆۋەن ئېھتىياج قاتلىمىدا ياشاۋاتقانلار ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش، ھالقىش دېگەندەك يۇقىرى ئېھتىياج قاتلاملىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى زىنھار چۈشەنمەسلىكى تەبىئىي.

قورساق تويغۇزۇشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلىگە ئايلانغاندا ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجى ئەڭ كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا يەتتە ئەزايى تولۇق بولسىمۇ، روھىيىتى زەئىپلىشىپ كەتكەن كىشىلەر ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، غۇرۇر ۋە نومۇس دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، قورساق غېمىدە يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر، ئاشۇنداق قىسمەتكە قالماسلىق ئۈچۈن، فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجنى قانائەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشىدۇ، ئوي ـ خىياللىرىمۇ جاننى قانداق بېقىشتەك تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. جىسمانىي كۈچكىلا تايىنىشتەك بۇ خىل تىرىشىشتا ئەقلىنىڭ رولى گەۋدىلەنمىگەن بولىدۇ. مانا بۇ يېمەك ـ ئىچمەك ئېھتىياجىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى بولۇپ، بۇ خىل موھتاجلىق قاتلىمىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەبىئىي تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورۇنلارنى شەكىللەندۈرۈشكە قۇربى يەتمەيدۇ. «تۆتنىڭ ئالدى، تۆتنىڭ كەينى» بولۇپ ياشاۋاتقان كىشىلەر تۈرلۈك سورۇنلارنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇلار كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەككە ئوخشاش ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياج قاتلىمىدىن قۇتۇلۇپ نورمال كۈننى ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق مەنىۋىيىتى يەنىلا نامرات، ئالغا ئىنتىلىش روھى كەمچىل بولغاچقا، پۇت ـ قولنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان ناچار ئۆرپ ـ ئادەت تىزگىنىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن.

ئىدىيە جەھەتتىكى نامراتلىق، ئاڭدىكى قالاقلىق، ساپادىكى تۆۋەنلىك، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىنى چەكلەپ، روھىي جەھەتتە بۇرۇقتۇرۇم ئىجتىمائىي كىلىمات شەكىللەنگەندە، ئادەمدە ھاياتقا نىسبەتەن مەنىسىزلىك ھېس قىلىش، ئىچى پۇشۇش ۋە سىقىلىش، چۈشكۈنلىشىشتەك ناچار پسىخىكىلىق كەيپىيات باش كۆتۈرۈپ، روھىي بېسىم تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ خىل ناچار كەيپىياتنى تەگشەش ئۈچۈن سورۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا، «قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ» دېگەندەك كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئىزدىنىدىغان روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە مېھماندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئەۋج ئېلىپ، كۆڭۈل ئېچىش، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان تۈرلۈك ناملاردىكى سورۇنلار كۆپىيىپ جەمئىيەتلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

مېھماننى ئۇلۇغلاش، ئۆزى يېمىگەننى مېھمانغا يېگۈزۈش ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى. مېھمان ئۈچۈن يېڭى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆزى بىر ئۆمۈر كونا يوتقاندا يېتىپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان، مېھمانخانا ئۆيلىرىنى كاتتا جابدۇپ قويۇپ ئۆزى ياندىكى ئاددىي خانىدا بىر ئۆمۈر ياشايدىغان، مېھمان ئۈچۈن ھەرقانچە زۆرۈر ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان، مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن بارىنى ئايىمايدىغان، يوق بولسا ئامالىنى قىلىدىغان ئۆزگىچە خاراكتېر بۈگۈنگىچە داۋام ئەتمەكتە. مەسىلىنى باشقا بىر نۇقتىدىن ئويلىغاندا بۇ بىزدىكى ئۆزىگە قارىغاندا ئۆزگىنى چوڭ بىلىدىغان، ئۆزىگە قارىغاندا ئۆزگىلەرنى بەكرەك قەدىرلەيدىغان روھىيىتىمىزنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن تۇرمۇشىمىزدا مېھماندارچىلىقنى مەزمۇن قىلغان سورۇنلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مېھماندوستلۇق ئېسىل خىسلەت، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ خاس بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، گەرچە تۇرمۇشتا ئۆز ئارا ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئۆتۈش تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ كىشىگە خۇشاللىق

ۋە بەخت تۈيغۇسى ئاتا قىلسىمۇ، لېكىن چەكتىن ئاشقان
مېھماندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى شەخس ۋە مىللەتنىڭ تە-
رەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ قويىدۇ. ھازىرقى
رېئاللىق شۇكى، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا ساھىبخان بول-
غۇچى مېھمانلارنىڭ قورسىقى ئۈچۈن تىنىم تاپماي پالاقلا-
شىپ نەچچە خىل تائام تەييارلايدۇ. بىر قاچا تاماققا تويە-
دىغان قورساق ئۈچۈن ھەشەم - دەرەم بەك كۆپ بولۇپ
كېتىدۇ. ساھىبخانىنىڭ زورلاشلىرىدىن مېھماننىڭ قورسىقى
دەرىجىدىن تاشقىرى تويۇپ كېتىپ قىينىلىپ كېتىدىغان
ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ تە-
رەققىي تاپقان ئەللەردىن رايونىمىزغا كېلىپ بۇنداق سو-
رۇنلىرىمىزغا داخىل بولغانلار ھەشەم- دەرەمدىن تولىمۇ
ھەيرانلىق، تەئەججۈپلۈك ھېس قىلىشىدىغانلىقى بىزگە
سىر ئەمەس، بۇنىڭدىن بىزنىڭ مېھماندارچىلىق سورۇنلى-
رىمىزنىڭ يېمەك- ئىچمەكنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈ-
ۋېلىشقا بولىدۇ.

يېمەك- ئىچمەكنى ئاساس قىلىش تېگى- تەكتىدىن
ئېيتقاندا تويۇنۇپ بولالمىغانلىقتىن، تېخىمۇ مۇھىمى مەنە-
ۋى ئېھتىياجنىڭ ئويغانمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. نېمە



ئۈچۈن ئىگىلىك تىكلىگەن بايلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-
ۋاتقان كارخانىچىلار، ئىلىمگە ئۆزىنى بېغىشلىغۇچىلار مېھ-
ماندارچىلىق ئىشلىرىغا ئېشىنىپ بولالمايدۇ؟ چۈنكى
ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ۋاقىت پۇل، ۋاقىت بايلىق، ۋاقىت
بىلىم ۋە ئەقىل- پاراسەت، ۋاقىت بارلىق نەرسىلەرنىڭ كا-
پالىتى تۇرسا، ئۇلارنىڭ سورۇن يىغىلىشلارغا قاتناشقى-
دەك نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ ۋاقتى بولسۇن؟ چۈنكى ئۇلار
ئىدىيە جەھەتتە ئويغانغان، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى
تونۇغان، تەپەككۇرى جانلىق بولۇپ ئادەت ئىسكەنجى-
سىدىن قۇتۇلغان، ئۆزلۈك ئېڭى كۈچىيىپ ئاممىۋى ئېقىم-
نىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالمىغان، مۇھىمى ئۆزلۈككە ئۇنۇم-
لۈك جەڭ ئېلان قىلىپ چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك پاتقى-
قىدىن يۇلقىنىپ چىقالىغان.

مېھماندارچىلىقنىڭمۇ ئۆزگىچە ئىچكى قانۇنىيىتى
بولىدۇ، سىز بىراۋنى مېھمان قىلسىڭىز قارشى تەرەپ-
نىڭمۇ ئېڭىدا سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىزغا ئاشۇرۇپ جاۋاب
قايتۇرۇش نىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئەگەر سىز قانچە كۆپ
يەرلەرگە بېرىپ مېھمان بولسىڭىز شۇنچە كۆپ مېھمان
كۈتۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ مە-
رىكىڭىزگە يۈزلەپ، مىڭلاپ مېھمان چاقىرسىڭىز كەل-
گەنلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىكنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سىز-
نىڭمۇ توختىماي كەلگەنلەرنىڭ ئۆيىگە قاتىرىشىڭىزغا
توغرا كېلىدۇ. باشقا ئاۋارىچىلىكلەرنى دېمىگەندىمۇ بىر
يىلدىكى مېھماندارچىلىققا سەرپ قىلغان ۋاقتىڭىزنى ئىن-
چىكە ستاتىستىكىلاپ كۆرسىڭىز كىشىنى چۆچۈتىدىغان
نەتىجىگە ئېرىشمەي قالمايسىز. بۇ قىسقىغىنە ئۆمۈرگە
نىسبەتەن نەقەدەر زور ۋاقىت ئىسراپچىلىقى - ھە!؟
ۋاقىتنى ھايات دەپ بىلىدىغان، رىقابەت ئېڭى ئويغان-
غان كىشىلەر نەزەرىدە بۇ تولىمۇ بىخۇدلۇق، ئەخمەق-
لىق ۋە ئەقىلسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. يېقىندا گېزىتتىن كۆ-
رۈشۈمچە، بىر ئاسپىرانت يىگىت بىلەن ستۇدېنت قىز
داۋاملىق يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن تويىنى ئاددىي -
ساددا ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈشكەن (گەرچە ھەر ئىككى تە-
رەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامان ئەمەس بولسىمۇ).
ئۇلار بۇ ھەقتە ئاتا - ئانىلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ
ئۇلارنى قايىل قىلغان، ھېچ دەبدەبىسى يوق ئۆزئارا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىنغان بۇ تويغا كەتكەن ئومۇمىي چىقىم پەقەت 1500 يۈەنلا بولغان، شۇ بىر كۈنلۈك مەرىكىمۇ ناھايىتى ئاددىي، لېكىن مول مەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن.

بىزنىڭ تۈرلۈك نامالاردىكى مەرىكە سورۇنلىرىمىز زەنجىرسىمان ئايلانما مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەچكە ھەرگىزمۇ ئايىغىغا چىقىپ بولغىلى بولمايدۇ. سىنچىلاپ نەزەر سالىدىغان بولساق مەيلى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، يوقلاش، چاي، دوستلار يىغىلىشى، مېھمانغا بېرىشلار بولسۇن بۇنداق سورۇنلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە مۇئەييەن ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ ھالقىلىق رول ئويناۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ باراۋەر قىممەتكە تاۋار (پۇل ياكى ماددىي بۇيۇم) ئالماشتۇرۇش، ئۆتنىگە لايىقەت قىلىشتىن ئىبارەت، يەنى باشقىلار قانچىلىك نەرسە ئەكەلگەن بولسا نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنچىلىك قىممەتتىكى نەرسىنى قايتۇرۇشتىن ئىبارەت. قارىماققا بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ئۆزئارا كۆڭۈل قىلىش ۋە ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇسىنى بەرسىمۇ، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا بۇ قەرز بولۇش، قەرز قايتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېھماندارچىلىقنىڭ بۇ خىل شەكىلدە شاخلاپ بېرىشى زور ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن سىرت، سورۇن ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر مۇنچە چىقىمدار بولىدۇ. مۇبادا بېرىش-كېلىش، ئاپىرىش-ئەكىلىشلەردە تەڭپۇڭسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ئۇششاق-چۈششەك ئىقتىسادىي زىددىيەتلەر تۈپەيلى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇئامىلىدىكى ھېساب-كىتابنىڭ ئىنچىكە بولۇشى ماددىي ئېھتىياجغا نىسبەتەن تەلەپنىڭ يەنىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھاراق سورۇنلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى مەنىۋى غۇربەتچىلىكنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ، بىكارچىلىق زېرىكىشنى، يوقسۇللۇق دەردنى پەيدا قىلىدۇ. ئاڭدىكى ئاددىيلىق، بىلىم جەھەتتىكى نامراتلىق، ساپادىكى تۆۋەنلىك ئامىللىرى ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇپ بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، يالقاۋ، ئۇدۇلغا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، پىكىر ۋە تەپەككۇرسىز ياشايدىغان ئاددىي تۇرمۇش قايىنىمىغا غەرق قىلىدۇ. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭىچە ھاياتنى بەرپا قىلىشقا نىسبەتەن بىرەر مەنىۋى مەنزىل ياكى غايىسى، ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن ئىنتىلىش كۈچىنى يوققا چىقىرىدۇ. كەلگۈسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئېتىقادى بولمىغان ئادەمدە ئالغا ئىنتىلىش، تىرىشىش روھى بولمايدۇ، تۆتنىڭ ئالدى، تۆتنىڭ كەينى بولۇپ ئەل قاتارى ياشاۋاتقانلىقىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلىدۇ، سورۇن يىغىلىشلار ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن پەخىرلىنىش ھېس قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر جاھاندا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، نۆۋەتتىكى رىقابەت ۋە خىرىسنى چۈشەنمىگەچكە، بولۇپمۇ مىللەت، خەلق جۈملىدىن، ئەۋلادلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، «بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدىغان گەپ، شۇڭا بىر كۈن بولسىمۇ ئويناپ كۈلۈۋالغانغا، ئەسلىمە قالغۇدەك ياشىۋالغانغا يەتمەيدۇ» دەپ قارايدۇ.

سورۇندارچىلىق جەمئىيەتلەشكەندە قەلبىمۇ ئۇنىڭغا مايىللىشىدۇ، كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا سورۇننى چوڭ بىلىدىغان، قاتنىشىۋاتقان سورۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئابروي ھېس قىلىدىغان، ئۆز قىممىتىنى سورۇنلار ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان، سورۇن ئارقىلىق نوپۇزىنى تىكلەشكە ئۇرۇنىدىغان، ھاراق كۆتۈرۈشنى، سورۇنغا پۇل خەجلەشنى ئەركەكلىكنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىغان ئەخمىقانە ئىدىيەلەر ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ماددىي موھتاجلىق ئىنسان تەبىئىتىنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولغاچقا ئامموۋى قائىدە-سورۇنلاردىن چەتنەپ كېتەلمەيدىغان، بىر-بىرىگە تايىنىپ ياشايدىغان ھالەت كېلىپ چىقىدۇ. كىشىلەر ئۇلپەتلىشىش يوللىرى ئارقىلىق تەنھالىق تۇيغۇسىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشتەك مەنىۋى ئېھتىياجىنى قانائەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قاتلاممۇ قاتلام دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ-دە، توپلىشىپ ياشاشتەك ئىجتىمائىي كەيپىيات باش كۆتۈرىدۇ. ئۆزلۈك روھى ئاجىز كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرەر توپ ئىچىدە ياشاش قانداقلا بولمىسۇن بىرئاز بولسىمۇ خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا توپتىن ئايرىلىپ قاتاردىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە تۈرلۈك سورۇن ۋە يىغىلىشلارغا قاتناشمىسا بول-

مايدىغان زۆرۈرىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئادەتتە مىجەز - خاراكتېرى، قىزىقىش ھەۋەسى، سا-پاسى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، قىممەت قاراشلىرى ئوخشىماي كېتىدىغان، ئوي - پىكىرلىرى ئاساسەن دېگۈدەك بىر يەردىن چىقىدىغان كىشىلەر ئاسانلا بىر توپ بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ، قارايدىغان بولسىڭىز بولۇپمۇ ھېيت - بايرام، خاتىرە كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئۆز يۈرۈشلىرى بىلەن توپ - توپ بولۇشۇپ كوچا - كويلارنى ئايلىنىپ رەستىلەرنى ئاۋات قىلىۋاتقانلىقىنى؛ قاۋاق، ئاشخانا، سەيلىگاھلارنىڭ سورۇن تۈزگەن ئادەملەر توپى بىلەن تولۇشۇپ بەزمىلەرنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى، سوغۇق ئىچىملىكخانا، دىسكوخانا، رېستورانلارنىڭ سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان ياشلار بىلەن قايناپ، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇسسۇل، تانسا، دىسكولارنى خۇددى يوقاتقىچە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز ئۆزلۈكتىن ئىبارەت قىممەتلىك روھنى يوقىتىپ قويغاچقا، خالاپ ياكى خالىماي بۇنداق سورۇننىڭ ئىشتىراكچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «ئاجىزلار توپلىشىپ ياشايدۇ» دېگەن گەپ دەل شۇ. ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە بولمىغان، سورۇندارچىلىقنى مەركەز قىلغان ھەرقانداق بىر توپ ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ، بۇنداق توپتا پاسسىپ ئامىللار گەۋدىلىك رول ئوينىغاچقا شەخسنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

هازىرقى رېئاللىق شۇكى، ئىلمىي سۆھبەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ئاز بىر قىسىم سورۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزدە كۆڭۈل خۇشى قىلىش ۋە ھاراق ئىچىشنى مەقسەت قىلغان سەۋىيىسى تولىمۇ تۆۋەن، كىشىگە ئازراق بولسىمۇ يېڭىچە مەنە ئاتا قىلمايدىغان ئەھمىيەتسىز سورۇنلار ھەقىقەتەن كۆپ. بۇنداق سورۇنلار ئاساسەن كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - سازنى مەنۇۋى نىشان قىلىدۇ.

سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىشمۇ كىشىلەردىن ساپا - سەۋىيە تەلەپ قىلىدۇ. سەنئەتتىن ئىستېتىك زوق ئېلىشنى، ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان ئادەم بۇ خىل روھىي ئوزۇقتىن ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ ئۈمىدۋار كەيپىياتقا ئىگە بولالايدۇ، ئۆز رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. ئادەم سەنئەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغاندا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، مەستانە بولۇپ كېتىشتەك ھېسسىيات ئەسەبىيلىكى كېلىپ چىقىدۇ. چەكتىن ئاشقان سەنئەتخۇمارلىق كېسىلى ئادەمنى رېئاللىقتىن چەتنەشتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەنئەتتىن توغرا يۆنىلىشتە پايدىلىنىشنى بىلمىگەندە ئۇ خۇددى بىھۇش قىلىش دورىسىغا ئايلىنىپ كىشىلەرنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. بېتخوۋېن «نامراتلىقتىن مۇزىكا چىقىدۇ» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دەرد - ھەسرەت ناخشا - مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغاندا ئۇ ئاجىزلارنىڭ ئۆزىنى بەزلەشتىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، غەربتىكى بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان ئەللەر سەنئەتنى، جۈملىدىن كلاسسىك مۇزىكىلارنى پەقەت ھۇزۇرلىنىشنىڭ ۋاستىسىلا قىلىۋالماي، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ئىشلىرىغا تەتبىقلاشقا باشلاپ ئويلىمىغان ئۈنۈملەرگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ تىل ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن بىر يۈرۈش بەدەن بوشاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەتكۈزۈپ، ئۇلارنى يېرىم ئۇيقۇ ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇزىكىنىڭ ئۇدارىغا بىرلەشتۈرۈپ خام سۆز، جۈملە ۋە تېكىستلەرنى ئوقۇپ بەرگەن. گەرچە ئۆگەنگۈچىلەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر نەرسە بىلگەندەك قىلمىسىمۇ، ئەتىسى ئاشۇ يېرىم ئۇيقۇ ھالەتتە ئاڭلىغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئېسىدە قالغانلىقىدىن ھەيران قېلىشقان. ئۇلار بۇ تەجرىبىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە تىل ئۆگىتىدىغان مەكتەپلىرىنى ئېچىپ ئالاھىدە ئۈنۈملەرنى ياراتقان. بىر قىسىم ئەل خەلقلىرى بىزگە ئوخشاش پۈتۈن دىققىتىنى سەنئەتكە مەركەزلەشتۈرۈۋالمىسىمۇ، كەسپىي سەنئەتكارلار سەنئەتنى تەتقىق قىلىش، سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق سەنئەتنى دۇنياغا، تېخىمۇ مۇھىمى بازارغا يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق غايەت زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالىغان، بۇ ھەقتە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانماي بولمايدۇ.

جەمئىيەتلەشكەن سورۇندارچىلىقنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئېغىر دەرىجىدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: كىشىلەر ئايىغى چىقمايدىغان مەرىكە، سورۇن، يىغىلىشلارغا قاتراش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. بەزى سورۇنلار نەچچە سائەت ھەتتا ئون نەچچە سائەت داۋام ئېتىدىغان، بىر سورۇننىڭ ھاردۇقى چىققۇچە يەنە بىر سورۇن ئۇلىشىپ كېلىدىغان بولغاچقا، زور دەرىجىدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىپلا قالماي، قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن زۆرۈر ئىشلار بىر چەتتە قايرىلىپ قالىدۇ. سورۇنلارنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى ئادەمنى تالجۇقتۇرۇپ كېرەكتىن چىقىرىدۇ. بەزىلەر يۇرت ئاتلاپ بىرەر يەرگە بارسا قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي نەچچە كۈنلەپ مېھمان بولىدۇ. ساھىبخانا ۋە ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىمۇ نەچچە كۈنلەپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن پالاقلىشىدۇ. دۇنيادا بىزدىن باشقا مېھماندارچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىدىغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك؟ بۇ خىل رېئاللىقنى تېخى ئويغانمىغان، ۋاقىت ئېڭى تۆۋەن كىشىلەرلا قوبۇل قىلالايدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: ئەسلىدىنلا ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز كىشىلەرگە نىسبەتەن سورۇنلارغا قىلىنىدىغان چىقىم تۇرمۇش بېسىمىنى كۈچەيتىپ، ئائىلىدە تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئائىلىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا كونىلار ھەممىدىن قاتتىق نەرسە يوقلۇق، دەپ بىكار ئېيتمىغان. نەزەرىمىزدە سورۇنغا پۇل خەجلەش ئەركەكلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغاچقا، بەزىلەر ھەتتا ئاتا - ئانىسغا بېرىشكىمۇ قارنى ئاغرىپ يېنىدا قىسىپ يۈرۈپ ساقلاۋاتقان ئاشۇ پۇللىرىنى سورۇن ئۈچۈن خەجلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە كۈندىن - كۈنگە تۇرمۇشتا ئارقىغا دەسسەيدۇ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ، ئاخىر ۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. كۈنىنى ئاران ئېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق بارىنى سورۇنغا ئاتىۋېتىپ ئائىلىنى، ئاشۇ ئوزۇقلۇققا تەشنا بولۇپ تۇرۇۋاتقان باللىرىنى غۇربەتچىلىكتە قالدۇرۇش ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلماي، ئويغا سالماي قالمايدۇ.

زىيالىيلارنىڭ رولى ۋە ئورنىغا سەل قارىلىدۇ: بىرەر كوللېكتىپ ياكى ئىجتىمائىي توپقا نىسبەتەن سەركەردىلىك رولىنى ئويناپ، خۇددى دانكودەك باشلامچىلارنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ ماڭالايدىغان ئىلغار پىكىر، ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالىيلار بولمىسا، بۇنداق كوللېكتىپ نىشانىدىن ئاسانلا ئادىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ، جۇۋاز كالىسىدەك بىر نۇقتىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىۋېرىدۇ - دە قىردىن ئاشالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا زىيالىيلار مىللەتنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ۋە گۆھىرى بولۇپ، بەلگىلىك دەرىجىدە بولسىمۇ زىيالىيلار قوشۇنى بولمىغان مىللەت ئەڭ بىچارە مىللەت ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇس سورۇندارچىلىق جەمئىيەتلەشكەندە كىشىلەرنىڭ دىققىتى تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىشلارغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئەقىل كۆزىنى نادانلىق پەردىسى توسۇۋالىدۇ - دە، زىيالىيلارنىڭ رولى ۋە ئورنىغا يەنى ئىلىمنىڭ رولى، ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىگە سەل قاراش خاھىشى كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە يانچۇقىدا پۇلى، ئېغىزىدا گېپى بارلار؛ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، چاقچاق قىلىش قولىدىن كېلىدىغانلار، سورۇندارچىلىق ماھارىتى بىلەن ئاز - تولا يۈز تاپقانلارنىڭ ئورنى تۆردە، زىيالىيلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر قاتارىدا ئورنى پەگادا بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال زىيالىيلاردا غېرىبلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئەگەر سىز ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان توپتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ھالقىپ كەتكىنىڭىزدە، ئىدىيىڭىزدىكى ئىلغارلىق بىلەن قالاق رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە ھەم بۇ خىل رېئاللىق سىزنى يەكلىگەندە، بىلىم، ئېتىقاد، قىممەت قاراشلىرى سىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى ئۈستۈن تۇرىدىغان سۆھبەتداشلار ئەتراپىڭىزدىن تېپىلمىغاندا تەبىئىي ھالدا سىزدە غېرىبلىق تۇيغۇسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ، ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىلغار ياكى قالاقلىقىنى ئۇلارنىڭ زىيالىيلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ: بىرەر ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان

ئىلىم ئالماشتۇرۇش، يېڭىلىقلار ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى چىقىش قىلغان ھەم ئىلغارلىقا، ھەم ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بولغان ئاقىللار توپىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتسە، ئەخمەقلەر توپىدىن تەشكىللەنگەن سورۇندارچىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل سورۇندارچىلىق ئىلىمنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەقىلنىڭ پاساھىتىنى كېرەك قىلمىغاچقا تەپەككۇرمۇ كۆنۈككەن ئىشلار دائىرىسىدە تۇرغۇنلىشىپ قالىدۇ ـ دە، ئادەمنىڭ تەرەققىياتى چەكلىنىپ قالىدۇ. تەرەققىيات ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى، ساپاسىدا ئەكس ئېتىدۇ، ئاندىن رېئاللىشىدۇ. قويۇق ئىلىم مۇھىتى ۋە كەسكىن رىقابەت شارائىتى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، شۇڭا كۆپ ھاللاردا مۇھىت ئادەمنى بەلگىلەپ قويىدۇ. باشقىلار ياراتقان ئىجادىيەت، كەشپىياتلارنى قوبۇل قىلىشنىلا بىلىپ ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتالمىغان، ئىجاد قىلالمىغان، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالمىغان ئىجتىمائىي توپ قىممىتىنى يوقىتىدۇ ـ دە ئەڭ ئاجىز، بىچارە ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. قىممىتى يوق نەرسىلەرگە كىشىلەر قىزىقماي تاشلىنىپ قالغىنىدەك، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان بۇنداق توپ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتە زەئىپلىشىپ ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايلا قالماي، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالمايدۇ ھەم ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمايدۇ، تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانسېرى ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلايدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىنى نابۇت قىلىدۇ: يېقىن مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ، مەكتەپ، جۈملىدىن، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى تەبىئىي ھالدا بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ ئاڭ ۋە تەپەككۇرى ئىجابىي يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە يېڭىلىقلار بىلەن غىدىقلىنىپ تۇرمىسا، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ روھىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتكە نىسبەتەن قىزىقىشىنى قوزغايدىغان ئىجابىي مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتىلمىسە، سورۇندارچىلىق جەمئىيەتلەشكەن ناچار ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئاسانلا يەمچۈكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. تېخى ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن بالىلارغا نىسبەتەن يامان تەسىرلەر خۇددى تارقىلىشچان زۇكامدەك ناھايىتى تېز يۇقىدۇ ھەم ئەتراپقا يامراشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى ۋۇجۇدقا (قانغا) ئۆتۈپ كەتكەندە مەڭگۈ تازىلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ناچار ئىجتىمائىي كىلىمات، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ، ئەخلاقىنى چىرىتىپ كەلگۈسىنى نابۇت قىلىدۇ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. بالىلارنىڭ بۈگۈنىگە پۇختا ئاساس سېلىنمىسا گۈزەل ئەتىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، كېلەچىكى نابۇت بولىدۇ.

ئەقىل رىقابىتى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتكەن بۈگۈنكىدەك بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، باشقىلار ئەقىل ۋە تەپەككۇر بايلىقىنى ئېچىش بىلەن ئالدىراش يۈرسە، بىز جاھاننىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلىرىدىن بىخەۋەر ھالدا، سورۇنلاردا ئۆزىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ بىخۇدلۇق ۋە بەپەرۋالىق بىلەن ناخشىمىزنى ئېيتىپ، چاقچىقىمىزنى قىلىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپ قالساق، ئىختىساسلىقلار رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا پۇت دەسسەپ تۇرالىشىمىز مۇمكىنمۇ؟!

دېمەك، سورۇندارچىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى مەنىۋى غۇربەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئاپەت. ئۇنىڭ يەنىمۇ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالمىغاندا، توغرىسى سورۇندارچىلىقنىڭ خاراكتېرىنى توغرا يۆنىلىشكە بۇرىمىغاندا ئاقىۋەت ئىجتىمائىي توپنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەپ بارىدۇ، مىخقا ئۇسسۇپ بولغاندا ئۆزىنى ئوڭشاشقا پۇرسەت قالامدۇ؟ بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىردىنلا ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىنسىز بىر ئىش. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە ئالدى بىلەن ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىلغارلاشتۇرۇشنىڭ ئامال ـ چارىلىرى ئۈستىدە جىددىي ئويلانماي بولمايدۇ.

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كوچا مەشرەپلىرىدىكى كىيىم-كېچەكلەر

تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى تارىخىي مەدەنىيەت ئەن-
ئەنىسگە، ئۆزگىچىلىككە، خىلمۇخىللىققا ۋە نەپىسلىككە
ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى،
گۈزەللىك قارىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، شۇنىڭدەك مىللىي
ئېستېتىك تەلەپلىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۆز دەۋرىدىكى
يەرلىك توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن سىرتتىن كەل-
تۈرۈلگەن توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئايرىم-ئايرىم ئى-
زاھلانغان. مەسىلەن، «زەرباب — چىندا ئىشلەنگەن
قىزىل رەڭلىك زەر بېسىلغان يىپەك رەخت»، «ئاي —
توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت»، «ئەشكۈر-
تى — چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت»،
«لوخشاي — چىنىنىڭ سېرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك
رەختى»، «تولغاق — بىر خىل چىن دۇردۇنى»، «قارس —
يۇڭ چەكمەن چاپان تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەن-
گەن كىيىم»، «كەمەك — بىر خىل گۈللۈك رەخت»...

يۇقىرىقىلار ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ئارى-
سىدا ھەر خىل يىپەك، يۇڭ توقۇلما كىيىملەرنى ۋە
گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىش ئادىتىنىڭ خېلى زور
دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، جۇغراپىيىلىك شا-
رائىتى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىنىش، ياسى-
نىش ئادەتلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس ۋە روشەن بولغان
رايون پەرقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزاق تارىخىي دەۋر-
لەردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ھەرقايسى جايلار-
نىڭ بىرىپ كېلىش، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش
پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، شۇنىڭدەك
ئېتىقاد، ئېستېتىك ئېھتىياج، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت ئەنئە-
نىسى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
كىيىم-كېچەك ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىدىكى پەرق بەزى



تارىخي باسقۇچلاردا روشەن ئىپادىلەنسىمۇ، كۆپ ۋاقىت-
لاردا نىسپىيلىكنى ساقلاپ كەلگەن. چۈنكى باشقا مەدەنى-
يەت ھادىسىسىگە ئوخشاشلا كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىمۇ
ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ۋە قوبۇل قىلىشتەك تارىخي ئىزچىل-
لىقنى ساقلاپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا مۇشۇ كۈندىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم- كېچەك ئادەتلىرىدە ئايرىم جايلار-
نى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرقتىن ئوخشاشلىقنىڭ كۆپرەكلى-
كىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. مەسىلەن، دوپپىنى ئېلىپ
ئېيتساق، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قىزىلگۈل،
يېشىل ياپراق چۈشۈرۈلگەن ئوچۇق رەڭلىك دوپپىنى كې-
يىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار
رەڭلىك سىدام دوپپا كىيىدۇ. كېرىيە، نىيە قاتارلىق جاي-
لاردىكى ئاياللار (كۆپىنچە ئوتتۇرا ياشلىقلار ) «تەلپەك»
كىيىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلار كۆپرەك «چىمەن
دوپپا»، «بادام دوپپا» كىيىدۇ. ياشانغانلار، بولۇپمۇ
دىنىي زاتلار «سەرپۆچ تۇماق» كىيىدۇ. سەرپۆچ تۇماق-
نىڭ سىرتى قارا مەخمەل ياكى دۇخاۋا بىلەن قاپلىنىپ،
چۆرىسىگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن جىيەك تۇتۇلىدۇ.
دوپپىلار گەرچە يۇقىرىقىدەك رايون خاسلىقىغا ئىگە بول-
سىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى چىمەن دوپپا، بادام دوپپا،
گۈللۈك دۇخاۋا دوپپا ۋە شاپاق دوپپا، سەرپۆچ تۇماق-
لارنىڭ ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى ئىستېمال دائىرىسى زور
سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

قەدىمكى يۇرت كۇسەننىڭ كىيىم- كېچەك مەدەنىيى-
تى

كىيىنىش، ياسىنىش ئادىتى يالغۇز تارىخي ۋارىس-
چانلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە دەۋر تە-
رەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. تارىخي خاتىرى-
لەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە
سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ
سەنئەت كىيىملىرى روشەن ھالدا پەرقلىق بولغان. «كۇچا
ئاياللىرى ئېگىز تۇرمە چاچ، يان ماڭلاي چاچ، چېكە
ماڭلاي چاچ، گىجىم (بۇدۇر) چاچ ۋە ئەشمە چاچ
قويۇپ، بېشىغا ئالتۇن جىرغا، گۈل قاداق، گۈللۈك تاج
قادىغان، قوللىرىغا ئۈزۈك، بىلەزۈك سالغان، بېلىگە نە-
قىشلىك كەمەر ياكى پوتا باغلىغان، پۇتىغا قىزىل، قارا
ئۆتۈك ياكى باسماق كىيگەن، ئۈستىگە نىمچە كەمزۇل،
جىلىتكە، گۈل پۇچقاق تامبال كىيىپ، ئۈستىگە تور
يوپۇق تارتقان. ئەرلىرى گۈللۈك ئەرەنچە كۆڭلەك،
دوپپا، گۈل پۇچقاقلىق تامبال ۋە رارا ئۆتۈك كىيگەن.
ساقال- بۇرۇت قويغان، ئەر- ئايال سەنئەتچىلەر چېكىسى-
نى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە قارا تاۋار ياغلىق
بىلەن تېڭىۋالغان» ①.

تارىخي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، كۇچا ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ بەزمە- مەشرەپلەردىكى يۇقىرىقىدەك كىيىنىش ئا-
دەتلىرى قاراخانىلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگىچە
داۋاملاشقان...

يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى كۇچا مەشرەپ كىيىم- كېچەكلى-
رىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، مەشرەپلەردە رايون خاسلىقى
بىر قەدەر گەۋدىلىك ۋە كۆپرەك ئىشلىتىلىۋاتقان كىيىم-
كېچەكلەردىن تۆۋەندىكىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش
مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار باش كىيىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ
كەلگەن

كۇچا مەشرەپلىرىدە دوپپا كىيىش بىر قەدەر ئومۇم-
لاشقان بولۇپ، دوپپىنىڭ تۈرلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ.
بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك بولغىنى ـ گۈل كەشتىلەنگەن
رەڭلىك (قارا، قىزىل، يېشىل) دوپپىلاردىن ئىبارەت. بۇ-

نىڭدىن باشقا بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، تاشكەنت دوپپا، مەنپۇ دوپپا، شاپاق دوپپا، تور باسقان دوپپا... قاتارلىقلار. ئارخېئولوگلار كۇسەن دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرە خارابىسىدىن قېزىۋالغان ئايال قونچاقمۇ بېشىغا ئېگىزلىكى هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇچلۇق باش كىيىمنى كىيگەن، كۇنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يېقىلىقلاز دەۋرىگە تەئەللۇق بىر قەبرىدىن بېشىغا ئۇچى ئالدىغا ئېگىلگەن، يۇملاق باش كىيىم كىيگەن بىر قونچاق قېزىۋېلىنغان.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئۇچلۇق دوپپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغان ئاساستا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەن. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئاياللار تاۋار-دۇردۇندىن ياغلىق ئارتىدىغانلىقى، گۈللۈك ياكى ئاق رومال بىلەن (بەزىلىرى يۈزىنى ياپىدۇ) ئۆزىنى بېزەيدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

تاشقى كىيىم ــ كىيىنىش، ياسىنىش ئادىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ تىپىك ھادىسىدۇر. شۇنداق بولغاچقا مەشرەپلەردىكى كىيىم-كېچەكلەر ئىچىدە بىر قەدەر كۆركەم ۋە نەپىسلىككە ئىگە بولغان، كىشىنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان چاپان، ئىشتان، كۆڭلەك قاتارلىق تاشقى كىيىملەر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كىيىم ئۆرنەكلىرىدۇر.

كۇچا مەشرەپلىرىدىكى نەپىس، ئەنئەنىۋى كىيىملەردىن ھېسابلانغان چاپان، تون، يەكتەك، ئىشتان-كۆڭلەك قاتارلىقلارنىڭ تارىخى ئۇزاق. «قەدىمدە ئاياللار ئۇچىسىغا يۇڭدىن توقۇلغان قارا، ئۇزۇن يەڭلىك، يۇملاق ياقىلىق كىيىم سىرتىغا جۇۋا كىيگەن. ئاستىغا يۇڭدىن توقۇلغان رەڭدار يوپكا، پۇتىغا قىسقا قونچىلىق ئۆتۈك كىيگەن... چاچلار ئاياللارنىڭ بېشىغا تۈرمەكلىنىپ، ياغاچ بىلەن توختىتىلغان». قىزىل مىڭئۆيدىكى 55-ئۆڭكۈرنىڭ ئىككى تېمىغا يان تەرىپىدە چېكى بار نىمچە كىيگەن، نىمچىنىڭ ئۈستىگە كالتە يەڭلىك تاش كىيىم كىيگەن ئاياللارنىڭ تام سۈرەتلىرى سىزىلغان. ئەرلەر ياقىلىرى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، پەشلىرى ئېچىلىپ تۇرغان تون كىيگەن، بېلىگە بەلباغ باغلىغان، پىچاق قىسقان ھالەتتە سىزىلغان. تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب شۈەن جۇاڭ ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە كۇچا ھەققىدە توختىلىپ، «... كىمخاپ ۋە بۆزدىن كىيىم كىيىشىدۇ، زىبۇزىننەت ئىشلىتىدۇ، چاچ كېسىپ دوپپا كىيىپ، رومال سالىدۇ...» دەپ يازغان.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئاياغ كىيىم ئاساسەن ھايۋانات تېرىلىرى، يۇڭ، ياغاچ... قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئەينى دەۋردىكى ئاياغ كىيىملەر توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇماتلار بار. «ئوغۇق ـ ئۆتۈك ياكى پىيمىنىڭ ئۈستىدىن كىيىدىغان تېرە پايپاق». بۇنىڭدا ئۆتۈك، مەسە ۋە تېرە پايپاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاياغ كىيىمى چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا يەنە «بۆكۈم» دەپ ئاتىلىدىغان ئايالچە ئۆتۈك، «سامرا» دەپ ئاتىلىدىغان سەندەلكەش، «ئىزلىق» دەپ ئاتىلىدىغان چورۇق تونۇشتۇرۇلغان. يۇقىرىقىلاردىن بىز قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايالچە كىيىملىرىنىڭ گۈزەللىك، ئۇيغۇنلۇق، نەپىسلىك، پۇختىلىق، پارقىراقلىق جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

كۇچا مەشرەپلىرىدىكى ئاياغ كىيىملەرمۇ «دىۋان»دا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئاياغ كىيىملەرگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ ئاياغ كىيىملەر ئاساسەن ئۆتۈك، قونچىلىق ئاياغ، مەسە ۋە چورۇقلاردىن ئىبارەت.

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مەشرەپ كىيىم-كېچەكلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. بۈگۈنكى مەشرەپلەردىكى كىيىم-كېچەكلەر (مەيلى سەھنە مەشرەپلىرى بولسۇن ياكى شەھەر - يېزىلاردىكى تۈرلۈك خەلق مەشرەپلىرى بولسۇن) يېڭى دەۋر كىيىم-كېچەك ئۈرنەكلىرى ۋە يېڭى دەۋر روھى چىقىش قىلىندى. بۇ ئەنئەنىۋى مەشرەپ كىيىم-كېچەكلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. كىيىم-كېچەك مەدەنىيتى قانچىلىك يۈكسىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەشرەپ كىيىم-كېچەكلىرى مۇئەييەن زامانىۋى ئۇسلۇب ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاندىن باشقا، يەنە ئەڭ مۇھىمى مەشرەپلەردە مىللىي ئەنئەنە، مىللىي خاسلىق تولۇق ئەكس ئېتىۋاتىدۇ.

ئىزاھات:

① ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)



# مۇقام ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى شەرتلەر

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

ھەممىگە ئايانكى، مۇقام بىر تۇرلۇك ئالاھىدە
بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇچ چوڭ قىتئە،
19 دۆلەت ۋە رايوندىكى خېلى كۆپ مىللەتلەرگە تارقال-
غان بىر خىل دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇزىكا ھادىسىسى
دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ شەكىل-
لىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ھازىرقى مۇقام مەدەنىيتى
ھادىسىسىگە ئىگە مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى
زاماندىكى ئەجدادلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەسسە
قوشۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئورتاق يارات-
قان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان، بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە
ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سىمفونىيە مۇزىكا
سەنئىتىدىكى ئەڭ چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەر بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-قانۇنىيەتلىرى، نەزەرىيىلىرى
بار. دۇنيا مۇزىكا تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىدىغان
بولساق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىدە
قىسقا ھەجىمدىكى ناخشا-مۇزىكىلار كۆپ بولغىنى بىلەن
سىمفونىيىلەر ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئا-
ساسلىق سەۋەبى بولسا سىمفونىيىنىڭ شەرتلىرى ئۇنىڭغا
قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا نۇرغۇن
بەستىكارلار، مۇزىكانتلار ئۆمرىدە بىرەر سىمفونىيىمۇ يا-
رىتالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن. سىمفونىيە قېلىپىغا
چۈشكەن ئەسەرلەرنى سىمفونىيە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئۇ-
نىڭغا چۈشمىگەنلىرىنى ھەرگىزمۇ زورۇقۇپ سىمفونىيە كا-
تېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇقام-
مۇ خۇددى سىمفونىيىگە ئوخشاش ھەتتا سىمفونىيىدىنمۇ
يۇقىرى بولغان كۈچلۈك نەزەرىيە ۋە شەرتلەرگە ئاساس-
لانغاندىلا مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا مۇقام مەدەنىيەت ھادى-
سىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى چۈشىنىشتە، زادى مۇقاملار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىغاندا ئاندىن مۇقام بولۇپ شەكىللىنەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىزاھلاپ ئۆتۈش ئىنتايىن بىر مۇھىم ھالقا، بولۇپمۇ ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا مۇقام مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگىلىتىش تولىمۇ مۇھىم بولسا كېرەك.

قازاقىستانلىق ئاتاقلىق مۇقامشۇناس باتۇر ئەرشىدىنوۋ بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەنگەن، شۇنداقلا بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ئالىملىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقام مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشتىكى شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ھەم ئۆرنەك قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا بىز بارلىق خەلق مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى چوقۇم ھازىرلىشى شەرت دەپ قارايمىز.

بىرىنچى، مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم بىر يۈرۈش تارىخلىق مىللىي چالغۇ-ئەسۋابلارنىڭ بولۇشى ھەمدە بۇ تارىخلىق چالغۇ-ئەسۋابلارنى چالىدىغان ۋە ناخشا ئېيتىدىغان كەسپىي ۋە يېرىم كەسپىي سەنئەتكارلارنىڭ بولۇشى شەرت①.

مۇقامشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ھازىر مۇقام مەدەنىيىتى ھادىسىسىگە ئىگە بولغان مىللەتلەر ئۆز مۇقاملىرىنى تارىخلىق، سوقما ۋە پۈۋلىمە چالغۇلاردا ئورۇندايدىغانلىقى مەلۇم. ئەگەر بۇ خىل چالغۇ-ئەسۋابلار بولمىغاندا مۇقاملارنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۆزبېك ئالىمى پىترەتنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا «شەش مۇقامى»نى ئورۇنداشتا تەنبۇر بىلەن داپ يېتەكچى ساز بولۇپ ئۇنىڭدىن باشقا دۇتار، ساتار، قۇبۇز، چارتار ۋە شۇنىڭغا قوشۇمچە بىر قىسىم چالغۇلار ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغانلىقى مەلۇم. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى ئورۇنداشتا كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك 16 تۈرلۈك چالغۇ-ئەسۋاب قاتناشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، مۇقام مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئىگە مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى مەلۇم.

ئىككىنچى، مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئورۇندىيالايدىغان چالغۇچىلار چوقۇم ئەينى زاماندىكى پىششىق، ماھارەتلىك، كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچىلاردىن ۋە مۇقامچىلاردىن بولۇشى شەرت②.

مۇقام مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ كۆپلىگەن كۈي-ئاھاڭلاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى مەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقامنىڭ مۇزىكا، ئۇدارلىرى كۆپ ھەم مۇرەككەپ. بولۇپمۇ «چوڭ نەغمە»نىڭ شۆبىلىرى كۆپ. ئاھاڭلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېكىستلىرىنىڭ كۆپى كلاسسىك شېئىرلار بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى چۈشىنىپ ئېيتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر قىيىن مەسىلە. شۇڭا بەلگىلىك تەربىيە كۆرگەن مۇزىكا ساۋاتى بار ماھىر، ئۇستا چالغۇچى ۋە ناخشىچىلار بولمىغاندا مۇقاملارنى ئورۇندىغىلى ۋە ئۇنى ساقلاپ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۈچىنچى، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات داۋامىدا جۇغلانغان، ئەركىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان كۆپ يۈرۈشلۈك ناخشا-ئاھاڭلار بولۇشى، ئەنە شۇ ناخشا-ئاھاڭلارنى ئاساس قىلىپ ئەينى زاماننىڭ شارائىتىغا يارىشا بىر نەچچە مۇقاملار سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقالىغان بولالىشىمۇ مۇقامنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر.

مۇقام ئەمەلىيىتى شۇ نەرسىنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرى قىسقىغىنە ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىر يولىلا مەيدانغا كەلگەن ئاددىي بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىدە ئەجدادلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياراتقان ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشى، يۈرۈشلىشىشى ئاساسىدا مۇقام بولۇپ شەكىللىنىش شەرتلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۆزىدە ئورۇنداپ، كېيىنچە قېلىپلاشقان مۇقاملار مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى كۇچا، قەشقەر، قۇچۇ، خوتەن، قومۇل كۈيلىرى، بۇلار مىلادى 6-ئەسىرلەردىن خېلى ئىلگىرىلا مۇنتىزىم كۈيلەر سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن، 6-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بولسا ھەر جاي، ھەر ماكاندىكى خەلق ئىچىگە تارقالغان مۇقام كۈيلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ بىر-بىرىگە سىڭىشىشكە باشلىغان، 12-ئەسىردىن كېيىن «بۈيۈك كۈي» دېگەن نام بارا-بارا «مۇقام» دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئالماشقان ③. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ بۇ ئەمەلىيىتى يۇقىرىقى خۇلاسىمىزنى دەلىللەيدۇ،

خالاس.

تۆتىنچى، مەخسۇس ئۇسسۇلچىلارنىڭ بولۇشى شەرت④.

دۇنيادىكى مۇقام مەدەنىيىتىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا ناخشا-مۇزىكىلىرى، چالغۇ-مۇزىكىلىرى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىلدىن قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت قامۇسى، ئۇنىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئۇسسۇللىرى ئويىنىلىپ كېلىنگەن. ئەگەر مۇقامنىڭ بۇ ئۈچ ئامىلىدىن بىرى كەم بولۇپ قالسا، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ مول، مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرىنى نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇل كەم بولۇپ قالسا، مۇقام ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى، تەسىرچانلىقىنى، ئېستېتىك رولىنى يوقىتىشى مۇمكىن. بىز مەيلى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، مەيلى «شەش مۇقامى»غا مۇراجىئەت قىلساق بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

بەشىنچى، مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئەنە شۇ مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئورۇندايدىغان بەستىكار-چالغۇچىلار بىلەن ئۇسسۇللارنىڭ مەلۇم تەجرىبە-ساۋاقلارغا، بۇ ھەقتىكى مۇئەييەن بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى شەرت⑤.

مۇقام ئادەتتىكى چالغۇچىلار تەرىپىدىنلا ئورۇندىلىدىغان، سورۇنغا ئادەتتىكى ئۇسسۇلچىلارلا قاتناشسا بولىدىغان ئاددىي بىر مۇزىكا ھادىسىسى بولماستىن، ئۇ يۇقىرىدا بىز تەكىتلەپ ئۆتكەندەك يۇقىرى ماھارەتلىك چالغۇچىلار، داڭلىق ئۇسسۇلچىلار بولغاندىلا ئاندىن ئورۇندىيالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. شۇڭا چالغۇچىلار بىلەن ئۇسسۇلچىلار ھەمكارلىشىشى، مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولۇشى زۆرۈردۇر.

ئالتىنچى، مۇقامنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇقاملارنى ئورۇندايدىغان بەستىكار-چالغۇچىلارنىڭ داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، ئۆمەك بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىسادقا، شارائىتقا، ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش زۆرۈردۇر.

خەلق ئىچىدىكى ئەلنەغمىچى مۇزىكانتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن ئەلنەغمىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن. ئەينى زاماندىكى پادىشاھ، ھاكىمبەگلەر ياكى خەلق بولسۇن ئۇلارغا ماددىي شارائىت يارىتىپ بەرگەندىلا ئۇلار داۋاملىق مۇقام ئېيتىپ ۋە ئۇنى تارقىتىپ خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن، شۇڭا مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىشىنى ھەرگىز ئىقتىساد ۋە ماددىي كاپالەتتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىزاھاتلار:

① باتۇر ئەرشىدىنوۋ: «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، ئالمۇتا، 2002-يىل نەشرى، 27-بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 27-بەت.

③ تۆمۈر داۋامەت: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ كىرىش سۆزى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997-يىل نەشرى، 3-بەت.

④ باتۇر ئەرشىدىنوۋ: «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، ئالمۇتا، 2002-يىل نەشرى، 27-بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 27-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

MIRAS


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىدىن 2008-يىللىق سانلىرىدىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئايدىن نەبى

21 ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى، شۇنداقلا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق رىقابەت دەۋرى. ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇچۇر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە تەرەققىي قىلماقتا. ئۇچۇر ۋە پەن ـ تېخنىكا ئەگىلەش بولسا كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرنالسىز بولمايدۇ ئەلۋەتتە. كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار بىلىم ۋە ئەقىل تارقىتىپ كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. شۇڭا، دەۋرىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك نادىر ئەسەرلەرگە تېخىمۇ موھتاج بولۇۋاتىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە 1997 ـ يىلى نەشر بۇيۇملىرى 13 مىلىيارد ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىر ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىڭ خىل ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەتبۇئات خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. مەتبۇئات خىزمىتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نېگىزلىك مۇناسىۋەت مۇھەررىر ۋە ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كەڭ جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ زىيالىيلار ساھەسىدە بىر تەرەققىيات تېمىسى بولۇپ قالدى. تەتقىقات خىزمىتىنى ئانالىز قىلساق، قانچىلىك تارقاتقۇچى فورماتسىيە بولسا، شۇنچىلىك مۇھەررىر بولىدۇ. مەسىلەن، كىتاب مۇھەررىرى، ژۇرنال مۇھەررىرى، گېزىت مۇھەررىرى، تېلېۋىزىيە مۇھەررىرى، رادىئو مۇھەررىرى، تور مۇھەررىرى قاتارلىقلار. ھەر بىر خىل تارقىتىش فورماتسىيىسىدىكى مۇھەررىرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئايرىغاندا پىلانلىغۇچى مۇھەررىر، يېزىق مۇھەررىرى، گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، مەيلى قايسى تۈردىكى مۇھەررىرلەر بولسۇن، تەبىئىي ھالدىلا ئاپتور بىلەن مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ.

مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى كىتاب ـ ژۇرنال نەشرىياتچىلىقىدىكى ئاساسىي مۇناسىۋەت، شۇنداقلا تەھرىرلىك سىستېمىسىدىكى كۆپ يىللاردىن بۇيان تەھلىل قىلىنىۋاتقان، تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان مەسىلەلەرنىڭ بىرى. مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆزئارا ياردەم قىلىدىغان

ھەممە ئۆز ئارا ماسلاشقان مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر قىسمى. بۇ خىل مۇناسىۋەت جەريانىدا ئەسەر ئىجاد قىلغۇچى ئاپتور بىلەن شەرت - شارائىت ھازىرلىغۇچى مۇھەررىرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىنسانىيەت ھەددى - ھېسابسىز بولغان ھەر خىل كىتابلارغا ۋە سانىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىغان گېزىت - ژۇرناللارغا ئىگە بولماقتا. دېمەك، مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. تۆۋەندە مەن بىر نەچچە يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىم جەريانىدا مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتىدە ھېس قىلغانلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. ئاپتور ئەمگىكى بىلەن مۇھەررىر ئەمگىكىنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئاپتور بىۋاسىتە ئەسەر ئىجاد قىلغۇچى، بىراق مۇھەررىر ئەمگىكىنىڭ ئىجادىيلىقى ئاپتور ئەمگىكىنىڭ ئىجادىيلىقىدىن ئانچە قېلىشمايدۇ. مۇھەررىر — ئاپتور ۋە كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك. ھەرقانداق ئاپتورنىڭ بۇ كۆۋرۈكنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئالىمى گومورو: «مەيلى قانداق يازغۇچى يازغان ئەسەر بولسۇن، ئۇنىڭدا ھامان چوڭ ياكى كىچىك نۇقسان، خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. بەزى خاتالىقلار ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەررىرنىڭ ئەستايىدىل كۆزىدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماقالە مەزمۇنى ھەرقانچە پىششىق، تاۋلانغان بولسىمۇ، تەھرىرلىك جەريانىدا قىلچە قەلەم تەگمەستىن ئۆز پېتى نەشردىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە، زەررىچە يېتەرسىزلىكتىن خالىي، ئېلىپ كېلىپلا نەشرگە بېرىدىغان ئەسەرنىڭ بولۇشىمۇ، مۇھەررىر ئۈچۈن ئاسان ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس.

دېمەك، كۆپلىگەن مەشھۇر ئەسەرلەر دەسلەپتە بەك پىششىق بولۇشى ناتايىن، لېكىن بۇنداق خام ئەسەرلەر مۇھەررىرنىڭ ئۆتكۈر كۆزىنىڭ پەرق ئېتىشى، ئۇنى ئىنچىكىلەپ تەھرىرلەپ پىششىقلىشى، ئاپتورغا قايتا - قايتا ياردەم بېرىپ ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق، ئاخىرىدا كىتابخانلار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، بازىرى ئىتتىك ئۆلمەس ئەسەرگە ئايلىنىدۇ.

بىر ئاپتور ئۈچۈنمۇ ياخشى، سۈپەتلىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشمۇ ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس. شۇڭا مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ھەر بىر پارچە ماقالە - ئەسەر ئاپتورنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كېلىدۇ. مۇھەررىر ئاپتورنىڭ جەبىر - جاپاسىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشى، ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئاپتورمۇ مۇھەررىرگە يېقىندىن ماسلىشىشى كېرەك. ماقالە - ئەسەر يېزىلىپ پۈتۈشى بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى ئاپتورنىڭ شۇ ماقالە - ئەسەر ئۈستىدىكى ئەمگىكىنىڭ مۇقەررەر داۋامى بولغان ئىجادىي ئەمگەك. ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ مەقسىتى بىردەك، يەنى ماقالە - ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. شۇڭا مۇھەررىر ماقالە - ئەسەرگە زۆرۈر بولغان تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزسە، ئاپتور بۇنى چوقۇم توغرا چۈشىنىشى، مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. چۈنكى، مۇھەررىر ئالدىدا ماقالە - ئەسەرنىڭ چوڭ - كىچىكى بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ چوڭ - كىچىكى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە ئاپتور باراۋەر.

**2. ئاپتور ئاز - تولا مۇھەررىرلىك بىلىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك**

كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، تەھرىرلىككە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ھەممە ئاساسلىق تېخنىكىلار ھازىرقى زامان زىيالىيلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق ساپاغا ئايلاندى، شۇڭا ھەر بىر ئاپتور مۇھەررىرلىك ئىدىيىسىگە ۋە مۇھەررىرلىك بىلىمىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. نادىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاچقۇچ بولۇپ قالدى. ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئېلان قىلىنغان ئەسەرنىڭ مەزمۇن، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. سۈپەتنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئەلۋەتتە ياخشى بولغان ماقالە - ئەسەر ۋە بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئەركىن ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مۇھەررىرنىڭ ئۆز ئالدىغا ماقالە تاللاش ۋە تەھرىرلەش ئۇسلۇبى بولىدۇ، ئاپتور بۇنىڭغا زىچ ماسلىشىشى كېرەك. ئاپتورنىڭمۇ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە تېما تاللاش ئەركىنلىكى بولىدۇ. ئاپتور تاللىغان تېما مۇھەر-

رىر بىلەن بىردەك بولۇشمۇ ياكى بىردەك بولماسلىقمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئاپتور ئاز - تولا تەھرىرلىك ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزى تاللىغان تېمىنىڭ قانداق ژۇرنالغا ماس كېلىشىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

### 3. مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى

1) ئاپتور ئەۋەتكەن ماقالە ياكى ئەسەرنىڭ تىل ياكى ئىملا جەھەتتىكى كەمچىلىكىگە قاراپلا ئۇنى قالدۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. تىل ۋە ئىملا جەھەتتىكى نۇقسانلارنى تەھرىرلەش جەريانىدا تۈزەتكىلى بولىدۇ. مەزمۇنى ياخشى، ئەمما تىل جەھەتتە كەمتۈكلۈكى بار ئەسەرنى مۇھەررىر ئەستايىدىل تۈزەتسە بىر ياخشى ئەسەرگە ئايلىنىدۇ.

2) ئاپتور ئەۋەتكەن ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن بەلگىلىك ئىشلىتىلىش قىممىتى بولسا، بىراقلا ئىنكار قىلىپ قالدۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئاپتورلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، نەزەرىيىۋى بىلىمى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار ئەۋەتكەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا مۇكەممەل بولۇشى ناتايىن. شۇڭا مۇھەررىرلەر ئانچە ياخشى يېزىلمىغان ماقالىلەرنىڭ ئىچىدىن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە يىپ ئۇچلىرىنى تېپىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق يوسۇندا رەتلەپ ۋە قۇراشتۇرۇپ، ئىلمىي قىممىتى بار ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

3) ئاپتورنىڭ نوپۇزىغا ئەمەس، ماقالىسىگە قاراش كېرەك. بەزى مۇھەررىرلەر نوپۇزلۇق يازغۇچى يازغان ماقالە بولسىلا ئېلان قىلىۋېرىدۇ. نوپۇزلۇق يازغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق ماقالىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشى ناتايىن. مۇھەررىرلەر چوقۇم كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش روھى بىلەن ھەر بىر ئەسەرگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلەرنى تاللاپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە ئەسەرلەرنى جەمئىيەتكە سۇنۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى، ئوخشاش بىر خىزمەت، ئوخشاش بىر مەقسەت ئۈچۈن ئورنىتىلغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلغاندىلا، بىز ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنسانىيەت ھەددى - ھېسابسىز بولغان ھەر خىل كىتابلارغا ۋە سانىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىغان گېزىت - ژۇرناللارغا ئىگە بولالايدۇ.

(ئاپتور: «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)




«فېلىيەتوندا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغىنى تولاراق شۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن كۆزەتكەن، بىلگەن ھادىسە، ۋەقەلىكلەرنى ھەققانىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن تەھلىل قىلىپ، ھېچنېمىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، جەسۇرانە ھالدا ۋىجدانەن ئوتتۇرىغا قويغان يۈرەك سۆزىدۇر. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، فېلىيەتون مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن جۇشقۇنلۇق ھاياجاننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەم شېرىن، ھەم چۈچۈك مېۋىدۇر.» مانا بۇ تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشىۋاسى، ئۇستاز تەرجىمان تۇختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ژانىرغا قارىتا ئاقىللارچە تەبىرى. يېقىندا «ئىزچىلار» كىتابخانىسى نەشرگە تەييارلىغان «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول» ناملىق فېلىيەتونلار توپلىمى بۇ مۆھتەرەم قەلەم ساھىبىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» (ئىككى قىسىم) قاتارلىق فېلىيەتون توپلاملىرىدىن كېيىن خەلقىمىزگە سۇنغان يەنە بىر كۆڭۈل سوۋغىسى. ئىشىنىمىزكى مەزكۇر كىتاب ھايات ھەققىدىكى تەپەككۇرىڭىزنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە نۇرانە ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن ئەقلىڭىزنى لال قىلىدۇ.



# باش كىيىم توغرىسىدا

ئابلىمىت ئابدۇراخمان

كىيىم-كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، گۈزەللىك زەۋقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. كىيىنىش ئىنسانلار ئەقىل-پاراستىنىڭ سەمەرىسى ھەمدە ئىنسانىيەتكە خاس بولغان ماھىيەتلىك بەلگەلەرنىڭ بىرى. كىيىنىش ئاساسەن ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىرى: بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش؛ يەنە بىرى، ئۆزىنى زىننەتلەش. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش مەدەنىيىتىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىمۇ ئۆزگىرىپ، بېيىپ، رەڭدارلىشىپ تېخىمۇ كۈچلۈك مىللىي تۈس ئالغان. جۈملىدىن، جىنس ۋە ياش قۇرامىغا قاراپ كىيىنىش-ياسىنىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئادەت ئەنئەنىسى شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق، كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان دەۋرلەردە چارۋا مال ۋە ھايۋانات تېرىلىرىدىن، قوي يۇڭى توقۇلمىلىرى، پاختا-يۇڭ ئارىلاش توقۇلمىلار ۋە يىپەك توقۇلمىلىرىدىن كىيىم كىيىدىغان بولغان. «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نادىر ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھەر خىل رەڭدار تاۋار-دۇردۇن، زەرباپلارنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئاي (1-توم، 56-بەت) ‹توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت›، ئاغى (1-توم، 121-بەت) ‹يىپەك رەخت)، كەنزى (1-توم، 551-بەت) ‹قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى چىن دۇردۇنى› ... قاتارلىقلارغا ئوخشاش. يۇقىرىقىلاردىن 10-ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىش ئادىتىنىڭ خېلى دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ»①. «غەرب ئاپتورلىرى يەنى يۇنان، رىم ئاپتورلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىن باشلاپ شەرقنىڭ يىپەكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى قالدۇرغان ھەم شىنجاڭنى ‹Serec — يىپەك ئېلى› دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىغان. دېمەك، 2500 يىلدىن بېرى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار يىپەك رەختلەرنى ئىشلە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تىپ كەلگەن»②.

ئۇتتۇرا ئەسىردىلا قولياغلىق، باغىرداق، دەزمال قاتارلىق بۇيۇملارنى، تاش، سۆڭەك، مونچاقلار ئورنىغا ئۈنچە ـ مەرۋايىت. ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى، شۇنداقلا ئۇپا ـ ئەڭلىك، سۈرمە، قاشلىق، ئوسما قاتارلىق گىرىملەرنى ئىشلىتىدىغان بولغان. «يىپەك رەخت چىرايلىق ھەم نەپىس بولۇپلا قالماي، كىيىم كىيسە كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلىغاچقا، قەدىمدىن ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن. «ئەڭ بۇرۇن ‹يىپەك يولى› دېگەن نامنى قويغۇچى گېرمانىيىلىك مەشھۇر گېئوگراف ۋە ئارخېئولوگ رىختخوفېن (1833 ـ 1905) مۇ قەدىمكى ئۇدۇننىڭ نەپىس ئىشلەنگەن جۇلالىق يىپەك كەشتىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە زور داغدۇغا قوزغىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە قەدىمكى بۇ خەلقئارا يولغا ‹يىپەك يولى› دەپ نام بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان»③. بۇ دەلىللەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى، ئۈستى بەدەن كىيىمى ۋە ئاستى بەدەن كىيىمى بىلەن ئوخشاشلا ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ شەكلى كۆپ خىللىشىپ، رەڭدارلىشىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۆزىنىڭ شەكىل، نۇسخا ۋە ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنى تىكىلگەن ماتېرىيالى ۋە ئىشلىتىلىش رولىغا قاراپ: بۆك، دوپپا، قالپاق، تۇماق، تەلپەك، كۇلا، ياغلىق، چۈمبەل دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىشلىتىلىش پەسلىگە قاراپ: يازلىق ۋە قىشلىق دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. جىنس پەرقىگە قاراپ ئەرەنچە، ئايالچە، قىز ۋە ئوغۇللارنىڭ دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

بۆك بىلەن دوپپا ئاساسەن ياز، كۈز پەسىللىرىدە باش مېڭىدىن ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قالپاق، تۇماق، تەلپەك قىش ۋە باش ئەتىياز كۈنلىرى باشقا سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە كىيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن ۋە قەشقەر رايونىدىكى بىر قىسىم دېھقانلار ئارىسىدا يازكۈنلىرىمۇ مېڭىدىن ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە تەلپەك كىيىدىغان ئادەت ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قىز ئاياللار ياغلىق بىلەن چۈمبەلنى ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتى، توقۇلۇشىنىڭ قېلىن ياكى نېپىزلىكىگە قاراپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

1. بۆك بىلەن دوپپىنىڭ رولى، تىكىلىشىدىكى شەكىل ۋە نۇسخا ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «ئەرەنچە»، «ئايالچە» دەپ پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1) بۆك. (سۆز تۈركۈمى ـــ ئىسىم) ئەر ـ ئاياللارنىڭ گۈللۈك ياكى گۈلسىز قىلىپ تىكىلگەن يازلىق باش كىيىمىنى كۆرسىتىدۇ (دوپپا دەپمۇ ئاتايدۇ). ئاساسلىقى ئاق داكا رەختلەرگە گۈل بېسىپ تىكىلگەن يۇملاق ئاق شاپاق بۆكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى كۆپىنچە ھاللاردا ياشانغان ئەرلەر كىيىدۇ. يازلىق شاپاق بۆك خاس ئەرەنچە بۆك قاتارىغا كىرىدىغان بولۇپ، جىنس پەرقىگە قاراپ پەرقلەنگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياش قۇرامىغا قاراپ پەرقلەنمەيدۇ. ئاق ياكى قارا يىپتىن گۈل ئىشلەپ توقۇلغان تور بۆكلەرنى ياشلار ۋە باللار ھېيت ـ ئايەم، ماتەم ـ مۇسىبەتلەردە كىيىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قىزىل، يېشىل، قارا ئۈچ خىل رەڭدىكى سىدام، گۈللۈك دۇخاۋا بۆكلەرنى ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ كىيىدۇ. بۇ بۆكلەر ئاق شاپاق بۆكلەرگە قارىغاندا ئەستەر ئارىلىقىغا رەختلەر كىرگۈزۈلۈپ پۇختىراق ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئەمما، ئاياللار كىيىدىغان بۆكلەرنىڭ شەكلى ئەرلەر كىيىدىغان بۆكلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئاياللار شاپاق بۆك كىيمەيدۇ. ئاياللار رەڭگى سۇسراق، گۈلى ئاددىي ـ ساددا بۆك كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ سىدام ۋە گۈللۈك تىكىلگەن بۆكلىرى بىر قەدەر تېيىز، بىر قەدەر نەپىس، گۈلى شوخ كېلىدۇ. ئايالچە يەنە بىر خىل بۆك بولۇپ، شەكلى تاقىسىمان جىيەكنىڭ ئۈستىگە قېنىق مەشۇت يىپتا قىلىنغان پۆپۈك قوندۇرۇلىدۇ. بۇنى ئاساسەن ياش جۇۋانلار كىيىدۇ.

2) دوپپا ئادەتتە سىدام يىپ رەخت ۋە رەڭدار سىدام يىپەك رەختتىن تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ شاپاق دوپپا، سىدام دوپپا، گۈللۈك دۇخاۋا دوپپا، بادام دوپپا، گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپا، ئۈنچە دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، تاجلىق دوپپا قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە



بولىدۇ. تاجلىق دوپپىنى پەقەت ئاياللارلا كىيىدۇ. سىدام ۋە گۈللۈك دۇخاۋا دوپپا رەڭدار سىدام دۇخاۋا ۋە تاۋاردىن تىكىلىدۇ. ئالتۇن قاداق دوپپىمۇ رەڭدار سىدام دۇخاۋا ۋە تاۋاردىن تىكىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاق مەشۇت يىپتىن بادام گۈل شەكلىدە ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى گۈللەر چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەستەر ئىچىگە قاتتىق قەغەز قوتۇرما ياكى قاتتىق رەخت كىرگۈزۈپ يىلىملاپ قاتۇرۇلغان، قولدا ئىشلىنىپ پۈختىلانغان، تۆت قىرى چىقىرىلىپ، ئۈستى پىرامىدا شەكلىدە قوپۇرۇلغان بولىدۇ. دوپپىمۇ بۆككە ئوخشاش جىنس پەرقىگە قاراپ ئايرىلغان، ياش قۇرامغا قاراپ پەرقلەنمەيدۇ. چۈشۈرۈلگەن گۈلى ۋە تىكىلىشىدىكى شەكىل گۈزەللىكىگە مۇناسىپ نام ئالغان.

2. ياغلىق: (سۆز تۈركۈمى — ئىسىم، ئۇيغۇرچە سۆز) باشقا ئارتىدىغان بۇرجەكلىك توقۇلما بۇيۇم دېگەن مەنىدە. قىز - ئاياللارغىلا خاس باش كىيىم بولۇپ، ئىشلەنگەن ماتېرىيالىغا قاراپ داكا ياغلىق (داكا — ئىسىم، ئۇيغۇرچە سۆز. پاختا يىپتا شالاڭ توقۇلغان رەختنى كۆرسىتىدۇ)؛ يىپ ياغلىق (يىپ - ئىسىم، ئۇيغۇرچە سۆز. پاختا، يىپەك، يۇڭ ۋە چىگە قاتارلىقلارنىڭ تالاسىدىن ئىنچىكە قىلىپ ئىگىرىلگەن تىكىش، توقۇش ماتېرىيالى)؛ شايى ياغلىق (شايى — ئىسىم، پارسچە، يىپەكتىن توقۇلغان رەخت)؛ پەرەڭ ياغلىق (پەرەڭ — سۆپەت، پارسچە سۆز. قىپقىزىل، قىنىق قىزىل دېگەن مەنىنى بېرىدۇ)؛ تۈۋت شال (تۈۋت — ئىسىم، ئۇيغۇرچە سۆز. توقۇلما بۇيۇملارنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت بولىدىغان قىسقا، ئىنچىكە ۋە يۇمشاق كېلىدىغان تۈكسىمان تالا)؛ رومال ياغلىق (رومال — پارسچە سۆز، ئاياللار بېشىغا سالىدىغان چوڭراق ياغلىقنى كۆرسىتىدۇ)؛ غىجىم رومال (غىجىم — سۆپەت، ئۇيغۇرچە سۆز. كۆپتۈرۈپ گۈل چىقىرىلغان رەختنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. «رومال»، «شال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ④. «ياغلىق» ئومۇمي ئاتالغۇ. ياشانغان ئاياللار بۆك كىيگەندىن تاشقىرى، بېشىغا ياغلىق، لىچەك (ئىسىم، ئۇيغۇرچە سۆز. كۆپىنچە ياشانغان ئاياللار بېشىغا سالىدىغان ئاق داكا رومال). چۈمبەل، پەرەنجىمۇ (ئاياللار باشقا ئەرلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى يۆركىۋالىدىغان تونسىمان يېپىنچا) سالىدۇ (ئارتىدۇ). ياغلىق چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالىنىڭ سەرخىللىقىغا، نۇسخىلىرىنىڭ رەڭدارلىقىغا ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىشلەتكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياش پەرقىگە، قىزىقىشىغا ماس تاللايدۇ. تاقاش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەش، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە قېنىق، رەڭدار، گۈللۈك، شوخ ياغلىقلارنى تاقاپ جۇشقۇن، تېتىك بولغان روھىي ھالەت بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلسا، ئۆلۈم - يېتىم ۋە مۇسىبەتلىك كۈنلەردە گۈلسىز ئاق ياكى قارا ياغلىق تاقاپ قايغۇلۇق ماتەم تۇتىدۇ.

1) چۈمبەل — ئاساسەن شالاڭ توقۇلغان بۆز ياكى داكىدىن تەييارلىنىدۇ. رەڭگى قارامتۇل، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر بولۇپ، يۈزگە ئارتىلىدۇ. قارا يىپتا ئۇششاق تۆشۈكلۈك قىلىپمۇ توقۇلىدۇ.

2) پەرەنجە — (ئاخپىجەمۇ دېيىلىدۇ) ئەمەلىيەتتە يەڭسىز يالاڭ ئۇزۇن چاپان بولۇپ، ياتلىق بولغان ئاياللار تالا - تۈزگە چىققاندا يۈزىگە چۈمبەل ئارتىپ چىقىدۇ. ھازىرمۇ چەت تاغلىق يېزا - قىشلاقلاردىكى ياشانغان ئاياللار ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

3) لىچەك — ئاساسلىقى شالاڭ توقۇلغان بۆز ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ. ياشانغان ئاياللار ئاساسلىقى بېشىغا لىچەك سالىدۇ.

3. قالپاق — (قالپاق — ئىسىم، ئۇيغۇرچە سۆز. يۇڭ، چىغ، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن، چۆرىسى قاسقانلىق بىر خىل باش كىيىم) ئەرلەر دوپپىدىن باشقا يەنە قالپاق، كۇلاھمۇ كىيگەن. ئاق ياكى قارا پاقلان يۇڭىدىن ياكى تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى». 178 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

4. كۇلا — كۇلانىڭ شەكلى «ʌ»غا ئوخشاش ئۇچلۇق بولۇپ، ئاساسەن رەختتىن تىكىلىدۇ. ئادەتتە تاشلىق بىلەن ئەستەر ئارىلىقىغا نېپىز كىگىز ياكى پاختا ئېلىنىدۇ. كۇلا قالپاقنىڭ قەدىمكى شەكلىدۇر (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى». 178 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

5. تۇماق — ئۇيغۇرلار قىش پەسلىدە تۇماق كىيىدۇ (خوتەن رايونىدا تەلپەك دەپ ئاتايدۇ). تۇماق شەكلىگە قاراپ قاسقان تۇماق، سالۋا تۇماق، سەرپۇش، تۈلكە تەلپەك، كىچىك تەلپەك، پاپاق دەپ بۆلۈشكە بولۇپ، تۇماق (تەلپەك) ئەرلەرنىڭ باش كىيىمى (يەنە ئايرىم رايونلاردا ئاياللار ياغلىقنىڭ ئۈستىگە تەلپەك كىيىۋالىدۇ مەسىلەن، پىچانلىقلارنىڭ «قىزىل» دېگەن يېرىدە). تۇماق قوي، تۈلكە، قاما، سۆسەر، داۋغان (سۇغۇر) تېرىلىرىدىن تىكىلىدۇ. (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى». 179 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

1) قاسقان تۇماق (تەلپەك ) — قاسقان تۇماقنىڭ شەكلى قاسقانغا ئوخشىغاچقا «قاسقان تۇماق» دەپ نام ئالغان. قارا كۆرپىدىن تاشلىق، ئەستەرلىك قىلىنىدۇ. تېرىلەردىن تىكىلگەن تۇماقلارنىڭ ھەممىسى تاشلىق، ئەستەرلىك كېلىدۇ. (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى». 176 ـ، 178 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

2) سالۋا تۇماق (تەلپەك) — قىش كۈنلىرى يېزا-قىشلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن يۇڭلىرى ئۇزۇن، قىرقىلمىغان، سۇپىتىگە بەك ئىشلەپ كەتمىگەن، ئۈستى تاشلانمىغان تەلپەكلەرنى كىيىدۇ. بۇنى «سالۋا تەلپەك» دەپ ئاتايدۇ. بۇ تەلپەكنىڭ قىرقىلمىغان ئۇزۇن يۇڭلىرى يۈزلىرىگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، كۆز ۋە قۇلاقنى سوغۇق شامالدىن ساقلاش رولىغا ئىگە.

3) سەرپۇش تۇماق (تەلپەك) — سەرپۇشنىڭ شەكلى ئاساسەن قاسقان تۇماقنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، تۆپىلىكى تۇخۇمسىمان تىكىرەك، گىرۋەكلىرىدىكى قامىسى سەل ئىنچىكە، ئىچىگە كۆرپىدىن ئەستەرلىك قىلىنىدۇ. تېشى سىدام ۋە قارا رەخت ياكى قارا سىدام مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋىدىن تاشلىنىدۇ. چوڭلار نامازغا چىققاندا (قىش كۈنلىرى) سەللىنى ئۈستىگە يۆگەيدۇ.

4) تۈلكە تەلپەك — بۇ، تۈلكە تېرىسىدىن چۆرىسىگە قاما ئېلىنىپ، قارا مەخمەل، دۇخاۋىدىن تاشلىق ئىشلىتىلىپ، قوي، تۈلكە، داۋغان تېرىلىرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىپ تىكىلگەن بولىدۇ، بۇنى «تۈلكە تەلپەك» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، تۈلكە تۇماق دېمەيدۇ. خوتەن خەلقى ئارىسىدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ياكى ئوقۇۋاتقان تالىپ، قارىيلار ئارىسىدا «تۈلكە تەلپەك»نى كىيىش كۆپرەك ئومۇملاشقان. ئائىلە-تاۋابىئات ۋە دوست-يارەنلىرىمۇ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ «تۈلكە تەلپەك» كىيدۈرۈپ قويىدىغان ئادەت بار.

5) كىچىك تەلپەك — ئۇنىڭدىن باشقا خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئاياللارنىڭ بىر خىل باش كىيىمى بار بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى چاي پىيالىسىدەك بار. يانلىرىغا قارا رەختتىن ياكى قارا دۇخاۋىدىن تاشلىق ئېلىنغان، ئاستى كەڭ، ئۈستى تار، ياندىن كۆرۈنۈشى يۇملاق تراپېتسىيە شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى تۆپىلىك تېشىغا چىرايلىق رەڭلىك رەخت تاشلىق ئېلىنىدۇ. ئۇنى «كىچىك تەلپەك» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىمۇ تۇماق دېمەيدۇ، ياشانغان ئاياللار نەۋرە كۆرگەندىن كېيىن ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىدە ياغلىقنىڭ ئۈستىگە ياز كۈنلىرى «كىچىك تەلپەك» تاقىسا، قىش كۈنلىرى ياغلىق ئۈستىگە «تۈلكە تەلپەك» كىيىدۇ.

3. باللار باش كىيىملىرى — باللار باش كىيىملىرى «پوسما» دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن تۇغۇلۇپ قىرقى توشقاندىن كېيىن تا ئايغىچە قۇچە پوسما كىيدۈرۈلىدۇ. جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمىگەن يۇمشاق پاختا رەختلەرنىڭ ئارىسىغا يىڭى ئاق پاختا سېلىپ «ʌ» شەكلىدە بوۋاقنىڭ بېشىغا ماس كەلگۈدەك ھالەتتە تىكىلىدۇ. سىرتقى ئىسسىق ياكى سوغۇق ھاۋادىن بوۋاق مۇداپىئە قىلىنىدۇ.



2009.5

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرى بېسىشىغا ئەگىشىپ ئادەملەرنىڭ گۈزەللىك تەلەپپى ئاشتى. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ (مىللەتلەرنىڭ) تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە (مىللەتلەرگە) پەن-تېخنىكا، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت... قاتارلىق تەرەپلەردە كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي تەسىرى سەۋەبلىك ياكى كىشىلەرنىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان تونۇشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك بولسۇن، زامانىۋىلىقنىڭ ئەنئەنىگە كۆرسەتكەن تەسىرى سەۋەبلىك بولسۇن، بۇ خىل ئۆزگىرىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئايلاندى. بۇ خىل ئۆزگىرىش مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە بىر قەدەر روشەن ئىپادىلەندى.

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى تۇرمۇش ئىستېمالىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنى كىيگەندىن باشقا شەكلى، رەڭگى، تىكىلىش ماتېرىيالى ۋە تىكىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن پەرقلىق بولغان يېڭىچە شەكىلدىكى شەكلى كۆركەم، رەڭدار بولغان يېڭىچە باش كىيىملەرنى قوبۇل قىلدى ھەم كىيىنىش ئادىتىگە ئايلاندۇردى. بىز باش كىيىمگە بولغان كىيىنىش ئېھتىياجىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىمىزنىڭ يېڭىچە شەكىلدىكى يېڭىلىقلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى قوشنا ئەل باش كىيىملىرى رايونىمىزغا سىڭىپ كىردى. بىز ئۇلارنى قوبۇل قىلدۇق. بۇ باش كىيىملەر ئاللىقاچان كىيىنىش ئادىتىمىزگە سىڭىپ ئۇيغۇر ھازىرقى باش كىيىم ئىستېمالىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. زامانىۋىلىشىش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىمىزنى، مىللىي خاسلىقىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا ئەمەس، بەلكى كىيىنىش ئىستېمالىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئېلىپ ماڭدى، خالاس. ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرى ھېلىھەم ئۆزىنىڭ قىممىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدە ۋە ئىستېمال ئادىتىدە كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. شۇنداقتىمۇ ئەنئەنىۋى باش كىيىملەردىن پەرقلىق بولغان بۈگۈنكى يېڭىچە باش كىيىملەر باش كىيىم كىيىش ئادىتىمىزدە ئەنئەنىۋى باش كىيىملەردىن پەرقلىق ھالدا بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم كىيىش ئادىتىدە بۈگۈنكى ئىستېمال ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان باش كىيىملەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. شەپكە — (سۆز تۈركۈمى — ئىسىم، رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. ئالدى تەرىپىدە سايىۋىنى، چېكىلىكى بولغان بىر خىل باش كىيىمنى كۆرسىتىدۇ).

2. ياغلىق — ياغلىق قىز-ئاياللارنىڭ خاس باش كىيىمى بولۇپ، نۇسخىسى كۆپ خىللاشتى، رەڭدارلىشىپ سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلدى. ئاساسەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ، قوشنا ئەللەرنىڭ ياغلىقلىرىدىن نۇسخا ئېلىنىپ ئىشلەندى ياكى شۇ رايوندا ئىشلەنگەن ياغلىقلار ئۆز پېتى كىرگۈزۈلۈپ بازارغا سېلىنىپ، قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ ئىستېمالىغا ئايلاندى. بىز مەيلى ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە مەيلى قەشقەر، ئاتۇش، خوتەندىكى خالىغان بىر ياغلىق دۇكانلىرىدىكى ھەرخىل رەڭ، ھەرخىل نۇسخىدىكى چوڭ، كىچىك رەت-رەت تىزىلىپ تۇرغان ياغلىقلار ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە، ئىران، پاكىستان... قاتارلىق ئىسلام قوشنا ئەل دۆلەتلىرىدە ئىشلەنگەن.

3. تۇماق — (سۆز تۈركۈمى — ئىسىم، ئومۇمەن تېرىدىن تىكىلگەن. ئەر-ئاياللارنىڭ قىشلىق باش كىيىمىنى كۆرسىتىدۇ). تۇماقمۇ ھازىر ئەرەنچە-ئايالچە، قىز-ئوغۇلچە، ئۆسمۈرلەرنىڭ، كىچىك بالىلارنىڭ دەپ ئايرىلىپ نۇسخىسى، رەڭدارلىقى، تىكىلىش شەكلى ھەم ماتېرىيالىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىپ يېڭىلاندى. قوشنا ئەللەر، قوشنا مىللەتلەر تۇماقلىرىدىن نۇسخا ئېلىنىپ ئىشلەندى ياكى قوشنا ئەل، قوشنا دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن تۇماقلار ئۆز شەكلى، ئۆز ماتېرىيالى بىلەن بىۋاستە بازارغا كىرگۈزۈلۈپ ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمالىغا ئايلاندى.

4. شلەپە — (سۆز تۈركۈمى — ئىسىم، رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. چۆرىسى قاسقانلىق باش كىيىم. «قالپاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ»). ئەرەنچە-ئايالچە، قىز-ئوغۇلچە، ئۆسمۈرلەرنىڭ، كىچىك بالىلارنىڭ دەپ ئايرىلىپ نۇسخىسى، رەڭدارلىقى، تىكىلىشى، شەكلى ھەم ماتېرىيالىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىپ يېڭىلاندى. قوشنا ئەللەر، قوشنا مىللەتلەر شلەپىلىرىدىن نۇسخا ئېلىنىپ ئىشلەندى ياكى قوشنا ئەل، قوشنا دۆلەتلەردە ئىشلەنگەنلىرى ئۆز شەكلى، ئۆز ماتېرىيالى بىلەن بىۋاستە بازارغا كىرگۈزۈلۈپ ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمالىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئەرلەر ئارىسىدا بىر قەدەر كۆپ ئومۇملاشتى.

5. پوسما ــ (سۆز تۈركۈمى ــ ئىسىم) ئەسلىدە يېشىغا تولمىغان بوۋاق بالىلارنىڭ ئەستەرلىك ياكى نېپىز پاختا سېلىنغان باش كىيىمى ئىدى. ھازىر ئىستېمال دائىرىسى كېڭەيدى. پوسمىلارمۇ ئەرەنچە-ئاياللچە، قىز-ئوغۇلچە، ئۆسمۈرلەرنىڭ، كىچىك بالىلارنىڭ دەپ ئايرىلىپ نۇسخىسى، رەڭدارلىقى، تىكىلىش شەكلى ھەم ماتېرىيالىمۇ كۆندىن-كۈنگە ئۆزگىرىپ تىكىلىش ماتېرىيالىمۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن يۇمشاق تالالىق پاختا يۇڭ رەختلەردىن تىكىلدى. نۇسخىسى كۆپ خىللىشىپ، تىكىلىش شەكلىمۇ كۆركەم ۋە رەڭدارلاشتى. كىچىك دوستلار ياقتۇرىدىغان رەقەم سان، گۈل، قونچاقلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلۈپ ئىشلىنىپ كىچىك دوستلارنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىشىگە ئايلانغاندىن باشقا، قىش كۈنلىرى ياش قىز-ئوغۇللارنىڭمۇ كىيىنىش ئادىتىگە ئايلاندى.

كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە مەيلى ياش ياكى ياشانغان ئەر-ئاياللار، بالىلار ئاساسەن ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنى ئىشلىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرگە قارىغاندا سۈپىتىدە، رەڭگىدە، شەكلىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قولغا كەلتۈرگەن يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر كەڭ ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ كىيىنىشكە بولغان ئېستېتىك ئېھتىياجىنى تولۇق قامداپ كېتەلمىدى. بۇ خىل ئېھتىياج يېڭىچە باش كىيىملەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا نىسبەتەن كەڭ يول ھازىرلاپ بەردى. يېڭىچە باش كىيىملەر يەنى شەپكىلەر چوڭ-كىچىكلىتىش رولىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە جىنس پەرقى، ياش پەرقىگە قاراپ ئاساسەن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. بۇ خىل قۇلايلىقلار قارىغۇلارچە قىزىققۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كىيىنىش ئادىتىگە ئايلاندى. قۇياش نۇرىدىن مۇداپىئەلىنىش شەپكىسىنىڭ بەزىلىرى مەنە خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھەرخىل توپ ئويناۋاتقاندىكى ھەرىكەت شەكلى كىچىكلىتىلىپ چۈشۈرۈلگەن، ياكى سىمۋوللۇق مەنىدىكى ئىزنەك تاقالغان. بەزىلىرىگە مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىدىكى كىچىك رەسىم، بەزىلىرىگە ھەرخىل مەزمۇندىكى قىسقارتىلما خەت يېزىلغان. مەسىلەن: «BULL» (بۇقا)، «LOVE» (مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش)، «KISS» (سۆيمەك، سۆيۈشمەك)... دېگەنگە ئوخشاش. ھەتتا بەزىلىرىدە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھېسسىياتى ئوچۇق ئىپادە قىلىنغان مەزمۇندىكى خەتلەر چۈشۈرۈلگەن... تەكشۈرۈپ خۇلاسىلىشىمچە بۇ خىلدىكى باش كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ سىمۋوللۇق مەنەلارنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ئۆزلىرى ئەسلا بىلمىگەن ھەم سۈرۈشتۈرۈپمۇ باقمىغان. شۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمىگەن.

مەيلى كارخانا-شىركەت تەرەپلەر بۇنى ماركا، ئېلان تەشۋىقاتى دەپ قارىسۇن، بۇ خەلقىمىزنىڭ رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دەۋردە، ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان باش كىيىملىرىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ بىزنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا،



تەتقىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك تەرەپلەرنىڭ بىرى.

بىزنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەك كارخانا - شىركەتلىرىمىز، تىجارەتچى-سودىگەرلىرىمىزدە، ئۇنىۋېرساللىققا ئەھمىيەت بېرىپ، خاسلىققا سەل قارايدىغان. بىۋاستە ئۈنۈمنى مەقسەت قىلىپ، ۋاستىلىك ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان خاھىشلار تەسىرىدىن، شۇنداقلا تەرەققىي قىلغان قوشنا ئەللەر باش كىيىملىرىنىڭ رايونىمىز بازارلىرىغا كىرىپ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىغا سىڭىپ كېتىشى ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنىڭ يېڭىچە تەرەققىي يۈزلىنىشىگە، ئىستېمالى دائىرىسىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈپ بېقىشقا بولىدۇ:

1. مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ (مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش، يېڭىلىقتا، گۈزەللىككە ئىنتىلىشتەك) تەرەپلەرنىڭ تەسىرى. تونۇشنىڭ توغرا بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى «كونا»لىق، باشقىلارنىڭكىنى «مەدەنىيەت، زامانىۋىلىق، دەۋرگە ماسلىشىش» دېگەندەك قاراشلارنىڭ تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە مۇراسىملاردا، مەدەنىيەت سورۇنلىرى قاتارلىق بىر قىسىم ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن باشقا تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىمىز ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىن بۆسۈپ چىقالماسلىقى، ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنى توي-تۆكۈن، مۇسىبەت، نەزىر-چىراغلاردا، ئادەمگەرچىلىك، مېھماندارچىلىق ئۈچۈنلا كىيىشتەك قاراشلارنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك كىيىنىشتىكى ئەنئەنىۋى مىللىي خاسلىقنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى تەرەققىيات يۈكسىلىشىگە سەل قارالدى.

2. ئەنئەنىۋى باش كىيىملەرنىڭ يېڭىچە مىللىي شەكلىدە ئۆزىمىزدە تەرەققىياتنىڭ يېڭى يۈكسىلىشى بولمىغانلىقىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى، مىللىي خاسلىقى ... قاتارلىق تەرەپلەردە ئاللىقاچان زور تەرەققىياتلارغا ئىگە. بىز مۇشۇ ئەسىردە ئوخشاش بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ مىللىي زامانىۋى كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىمىز مۇشۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ زور تىرىشچانلىق بىلەن توختاۋسىز ئىزدىنىپ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىرقاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن (مىللىي كىيىم - كېچەك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، مىللىي كىيىم - كېچەك تەتقىقاتچىلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بارلىققا كەلمىگەنلىكى، مىللىي كارخانىلارنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى) بۈگۈنكى يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەككە بولغان گۈزەللىك ئېڭىنى نامايان قىلىشقا، كىيىم - كېچەككە بولغان تەلىپىنى، كىيىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن تولۇق چىقالمىغانلىقىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

دۇنيا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى، خاسلىقى، مەدەنىيىتى، كىملىكى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى رىقابەت دۇنياسى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسى، مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىزنى ئارتۇقچە ھېسابلىمايدۇ. ئەلۋەتتە مەن ئۆزۈمنىڭ ئاددىيغىنە بىلىم قۇرۇلمام، پىكىر ئاساسىم بىلەن بۇنداق چوڭ تېمىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۇستازلىرىمنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئىزاھاتلار:**

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989-يىلى 7-ئاي، 1-نەشرى (168-بەت، 2-ئابزاس).

② چېن بوچۈەن: «‹سېرىس› ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل خەنزۇچە نەشرى، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 1-قىسىم.

③ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989-يىلى 7-ئاي، 1-نەشرى (166-بەت، ئۈستىدىن 15-قۇر).

④، ⑤ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 4-ئاي، 1-نەشرى. 176-، 177-، 178-بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2007-يىللىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

www.uyghurkitap.com



# كەسپىي ئەخلاق توغرىسىدا

يادىكار ئۆمەر

بىز بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق دەۋر كىشىلىرى دۇچ كېلىپ باقمىغان، ئۇچرىشىپ باقمىغان يېپيېڭى دەۋر قاينىمىدا ياشىماقتىمىز. ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشلەر كىشىلەردە ھاڭ-تاڭلىق تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىشقا ئاللىقاچان ئۈلگۈرگەن، كىشىلەر چۈشىدىمۇ، خىيالىدىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، كىشىلەرنى يېڭىلىقلىقى، جەلپكارلىقى بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاتقان، تاڭ قالدۇرۇۋاتقان، ئاجايىپ يېڭىلىقلار كەينى-كەينىدىن بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ پەيدا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەخلاقىي مىزان ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە ئويلىنىش، كەسپىي ئەخلاققا سوغۇققانلىق بىلەن قايتا نەزەر تاشلاش تولىمۇ زۆرۈر بولماقتا.

شەخس جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىك. شەخسنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ قانداق بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي ئەخلاققا، شۇ جۈملىدىن جەمئىيەت ئېتىكىسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىرغىزىستانلىق مەشھۇر يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەلۇم ئەنجۇمەندە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ناۋادا ئاپتوبۇستا ياشانغانلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشنى جەمئىيەتتىكى ئەڭ يۇكسەك ئەخلاقىي ئۆلچەم دەپ قارىساق، ئەگەر بۇ ئۆلچەم شۇ جەمئىيەت كىشىلىرى تەرىپىدىن ئورتاق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتنى ئەخلاقىي ئۆلچەم جەھەتتە تولىمۇ تۆۋەن جەمئىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن». كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئۇلۇغ يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىنى يۇكسەك ئورۇنغا قويۇپ شەرھلىگەن، يەنى ياشانغانلارغا ئاپتوبۇستا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ (ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ) ئۆزى ئەمەس، بۇ ئادىمىيلىكنىڭ ئەقەللىي بىر تەلىپى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، بۇنى ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ، ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ئۆلچەم ئۇ يۇكسەك ئۇقۇم، ئۇ كىشىدىن تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ كۆپ تەرەپلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەننى ئىما قىلىپ بەرگەن ئىدى.

ئائىلە بىرلىكنى تەشكىل قىلغۇچى شەخس ئەخلاق ساپاسى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ ئائىلىدىكى ئورتاق ئەزالارنىڭ ئەخلاق ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر شەخسنىڭ ئەخلاق ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئائىلىسىگە تەسىر

كۆرسەتكىنىدەك، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسى
ئۆز نۆۋىتىدە قوشنا ـ قولۇملىرىغا، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ
ئەخلاق ساپاسى مەھەللىگە، رايونغا مۇنداقچە قىلىپ ئېيت-
قاندا پۈتكۈل جەمئىيەتكە شۈبھىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كىشىلىك ئەخلاقىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن
دائىرىسى بويىچە قارىغاندا ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئادىمىي-
لىك ئەخلاقىغا تەۋە بولغان كەسپىي ئەخلاقنىمۇ مۇھىم
مەزمۇن قىلغان بولىدۇ. كەسپىي ئەخلاق مەلۇم مەنىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا شەخسنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا، ئۆزى مەشغۇل
بولۇۋاتقان كەسپكە، ئۆز كەسپىي نىشانىغا تۇتقان پوزىت-
سىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت. ئۆز نۆۋىتىدە
كەسپىي ئەخلاق بىر خىل پوزىتسىيە، كەسپىي ئەخلاقنىڭ
قانداق بولۇشى شۇ كىشىنىڭ كەسپىي نەتىجىلەرنى يارىتا-
لايدىغان ياكى يارىتالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مۇنداقچە
قىلىپ ئېيتقاندا كەسپىي ئەخلاق بىر خىل پوزىتسىيە
بولغان ئىكەن، ئۇ كىشىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە
كۆرسەتمەسلىك دەرىجىسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ.

نەتىجە تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ، بۇ ھەممىگە تونۇش
ھەقىقەت. تىرىشچانلىق ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن كەلگۈسى-
نى قانداق يارىتىشنىڭ خېمىرتۇرۇچى. ھەرقانداق قابىلى-
يەتلىك كىشى بولسىمۇ، ئەگەر داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئەھمى-
يەت بەرمىسە، ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتمىسا، كۆزىتىشكە، تە-
پەككۇر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ماھىر بولمىسا شۈبھى-
سىزكى ئۇنىڭ بىلىم جۇغلانمىسى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلى-
شىگە ئەگىشىپ دەۋردىن قالىدۇ ياكى ئەرزىمەس بىر نەر-
سىگە ئايلىنىدۇ. كەسپىي بىلىم ئىگىلەش دەۋر بىلەن تەڭ
ئىلگىرىلەش دەل بىزدىن داۋاملىق ئۆگىنىشنى، ئۈزلۈك-
سىز ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىلىم يېڭىلاش، يېڭى بى-
لىملەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش — ھەر بىر كەسىپ
ئەھلى ئۈچۈن ھەرقاچان بەكمۇ مۇھىم. مەسىلەن، ئىلگى-
رىكى باسما زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكىلىق شارائىتلىرى بىلەن
ھازىرقى باسما زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكىلىق شارائىتلىرىدا
ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. ئىلگىرى رەڭلىك باسما
ئۈچۈن تۆت نۆۋەت ئايرىپ قايتا بېسىلغاندا (تۆت رەڭنى
يەنى قىزىل، يېشىل، قارا، سېرىق قاتارلىق ئانا رەڭلەر
ئايرىم ـ ئايرىم ئۈستىلەپ بېسىلغاندىن كېيىن ئاندىن بىر
پۈتۈن رەڭلىك گەۋدە ھاسىل قىلىناتتى) ئېرىشىلگەن نەتى-
جىلەر ھازىر بىر ماشىنىنىڭ سۇررى بېسىشى بىلەنلا پۈتى-
دىغان بولدى. ھەتتا ھازىرقى گېرمانىيىنىڭ AGFA
رەڭلىك باسمىسىدا سەككىز رەڭنى ئۇلاپلا باسىدىغان
تېخنىكىلار ئىشقا ئاشتى، بۇ رەڭلىك باسما تېخنىكىسىدى-
كى زور ئىلگىرىلەش. مەتبەئە تېخنىكىسىدىكى بۆسۈشمۇ
ئوخشاشلا ئىلغارلاشتى، ئىلگىرىكى قوغۇشۇن ھەرپلەرنىڭ
ئورنىنى مانا ھازىر كومپيۇتېردا تاماملاش ئالىلقاچان رې-
ئاللىققا ئايلاندى. دېمەكچى، ناۋادا ئاشۇ كەسپىي تېخنىكى-
نى ئىگىلىگەن ئۇستىلارنىڭ ھازىر مۇشۇ زامان تېخنىكىسى-
نىڭمۇ ئۇستىسى بولۇشى ئۈچۈن شەرتسىزكى بىلىم
يېڭىلاش، يېڭى بىلىملەرنى، تېخنىكىلارنى ئىگىلەش
تەلەپ قىلىنىدۇ. زامانغا لايىق يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلىگەن-
لىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرەلىگەنلىرىلا ئاندىن
«ئۇستا»لىق ئورنىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئۇنداق بولماي-
دىكەن ئۇ دەۋر تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ.

ھەرقانداق كەسپىي خادىم ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا
كەسپىي پوزىتسىيىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ نەتىجە يارى-
تىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ
بىرى. ئۆز كەسپىنى سۆيۈش، كەسپىدىن پەخىرلىنىش تۇي-
غۇسى بولۇش، ئۆز كەسپىنى قەدىرلەش، ئۆز كەسپى
ئۈستىدە ئىزدىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەسپىي
ئەخلاق جۇملىسىگە ياتىدۇ. ناۋادا مەلۇم كەسىپ بىلەن
شۇغۇللانغۇچىدا يۇقىرىقى ئاكتىپ ئامىللارنىڭ بىرىلا بو-
لىدىكەن، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز كەسپىدە
نەتىجە قازىنالىشى تامامەن مۇمكىن.

ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېلىپ
ئېيتقاندا بەكمۇ مۇھىمدۇر. دۆلەت مائارىپ سىستېمىسىدا
ئۆزىنى خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىيالىغان
ۋىجدان ئىگىلىرى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇ دۆلەت مائا-
رىپ مېتوتى ئىلمىيلا بولىدىكەن، شۈبھىسىزكى دۆلەت ما-
ئارىپ بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ. مىڭجى يېڭىلىقىدىن ئىلگى-
رىكى ياپونىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ خىزمىتىگە سەل قارى-
غاچقا دۆلەت كۈچى ئاجىز، قالاق بىر مەملىكەت ئىدى.
مىڭجى يېڭىلىقىدىن كېيىن مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرى-
لىپ ياپونىيە مائارىپ سىلىنمىسىنى كۆپەيتتى ۋە غەربنىڭ
مائارىپ مېتوتىنى ياپونىيىگە ئېلىپ كىردى. ياپونىيە ئۆزدى-
نىڭ كەلگۈسىنى مائارىپقا باغلىدى، سانسىزلىغان ۋەتەن-
پەرۋەر مائارىپچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ياپو-
نىيە جاھالەت دەۋرىدىن يېڭى مائارىپ سىستېمىسىغا

www.uyghurkitap.com



كۆچۈپ، مائارىپ ئارقىلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە باشقىلار بىلەن بەسلىشەلەيدىغان قۇدرەتلىك ياپونىيىگە ئايلىنالىدى. بۇنىڭدا ياپون مىللىتىدىكى نىسبەتەن بالدۇر ئويغانغان ئىلغار كىشىلەرنىڭ مائارىپ كەسپىگە ئۆزىنى بېغىشلاش، مائارىپ كەسپىنى قۇۋۋەتلەش، مائارىپنىڭ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەشئىلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ مائارىپ كەسپىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللاپ ۋە قەدىرلەپ ئۈزلۈكسىز مېھنەت سىڭدۈرگەنلىكىدىن، ئىزدەنگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ياپونىيىنىڭ مۇنداق ئۇتۇقلارغا ئېرىششى ئۆز نۆۋىتىدە يۈكسەك كەسپىي ئەخلاققا ئىگە، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى روشەن، مىللەت سۆيەر، ھارماس تىرىشچانلارنىڭ بولغانلىقىدا. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى مائارىپ بەلگىلەيدۇ، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىنى مائارىپقا، مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان كەسىپ سۆيەرلەرگە باغلىق.

تىرىشچانلىق نەتىجە يارىتىشنىڭ باسقۇچلىرىدىن بىرى. ھەرقانداق بىر كەسىپتە نەتىجە ياراتماقچى بولغان كىشى ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن نەتىجە كۆرەلەيدۇ، تىرىشچانلىق ئۆز نۆۋىتىدە ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، كىشىلىك كەسپىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە تەۋە. شۇنداق ئىكەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلىك تەربىيىلىنىشى، يەنى ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. شەخس ئالدى بىلەن ئۆزىگە مەسئۇلىيەت ئۆتەيدۇ، ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولىدۇ. يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىزدىكى كىشىلىك نىشان دۇرۇس بولىدىكەن، تىرىشچانلىقتىن باش تارتمايمىز. تىرىشچانلىق ئاقىۋەتتە كىشىنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن قۇتلۇقلايدۇ، بۇ نەتىجىلەر شەخسنىڭ بولغىنى بىلەن ئۇ جەمئىيەتكە، ئاۋامغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

بىر كىشىنىڭ كەسىپتە نەتىجە قازىنىشى ئۇنىڭ شۇ كەسىپنى سۆيۈشىگە باغلىق، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ مۇشۇ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىشىگە، ئۆز كەسپىنىڭ كويىدا بولۇشىغا باغلىق. مەلۇم بىر كىشى شوپۇر ئىكەن، ئۇ شوپۇرلۇقنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ ماشىنىنى ھەيدەشنىلا ئەمەس، بەلكى ماشىنىنىڭ ئىچ - باغرىنى ئىگىلەشكە تىرىشىپتۇ. ئۇ ھەتتا ماشىنىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىن تاشقى قۇرۇلمىسىغىچە پۇختا ئىگىلەپتۇ. بىر قېتىم ئۇ NISSAN (نىسسان) تىپىدىكى دالا ئاپتوموبىلى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كاماندىروپكىغا چىقىپتۇ. نەتىجىدە ماشىنا جاڭگالدا قۇمغا پېتىپ قاپتۇ، ھېلىقى كەسلىكتە ماشىنىنى قۇمدىن چىقىرىۋېلىپ تاشيولغا چىققاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئاستى تەرىپىنى كۆزىتىپتۇ. NISSANنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كەينىگىچە بولغان چاقىنىڭ ئارىلىقىنىڭ دالىدا، بولۇپمۇ چۆلدە يۈرۈشكە ئانچە مۇۋاپىق لايىھىلەنمىگەنلىكىنى، مۇۋاپىق ئۆلچەنمىگەنلىكىنى بايقاپ خاتىرە قالدۇرۇپتۇ. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆزەتكىنى بويىچە NISSANنىڭ شىنجاڭنىڭ چۆللىرىدە يۈرۈشكە ماس كەلمەيدىغان ئاجىزلىقلىرىنى چېرتيوژلاشتۇرۇپ سىزىپ چىقىپتۇ. ھەل قىلىش لايىھەسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ پىلان تەكلىپلەرنى NISSAN شىركىتىگە ئەۋەتىپتۇ. ياپونىيە تەرەپ بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ NISSAN ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ شىنجاڭلىق شوپۇرنىڭ تەكلىپىنىڭ ئىلمىي ئاساسقا قايىل بولۇپ شۇ تەكلىپ بويىچە NISSANدا تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپتۇ، ئىلگىرىكى NISSAN دا ھەقىقەتەن ئەجەللىك ئاجىزلىق، بولۇپمۇ چۆلدە يۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئاجىزلىق مەۋجۇت ئىكەندۇق. تەكلىپ بويىچە ياپونىيە تەرەپ NISSANغا تېخنىكىلىق تۈزىتىش كىرگۈزۈپتۇ. دەل مۇشۇ تېخنىكىلىق تۈزىتىش كىرگۈزگەن دالا ئاپتوموبىلى شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن پارىژ - داككار دالا ئاپتوموبىللىرى مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپتۇ. ياپونىيە تەرەپ شىنجاڭلىق شوپۇرغا ئالاھىدە تەكلىپ ئەۋەتىپ ياپونىيىنى زىيارەت قىلدۇرۇپتۇ، نۇرغۇن پۇل بىلەن تارتۇقلاپتۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيىگە داۋاملىق كېلىپ زىيارەت قىلىشقا ئىجازەتنامە ھەدىيە قىلىپتۇ. يۇقىرىقى مىسالدىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەرقانداق ساھە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپنى چىن دىلىدىن سۆيگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. نەتىجە قازىنىشنىڭ شەرتى كەسىپنى سۆيۈشتە، بۇنىڭدا يەنىلا شەخسنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - ئوتتۇرا مەكتەپ سىياسەت گۇرۇپپىسىدا)

2009.5



# تەۋەررۇك مۇقامچى مەتنۇرى ئاخۇن

زۇلپىقار ئابدۇللا

ئالدىنقى ئەسرنىڭ باشلرى قاراقاشتا ياشاپ بىر ئۆمۈر مۇقام مەشرەپ مەرپەتچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكەن ئاتاقلىق مۇقامچى مەتنۇراخۇن، ئون ئىككى مۇقام نەغمىلرىنى پۇختا ئىگىلەپ يۇقرى ماهارەت بىلەن ئورۇنداپ يەنە ئىزباسار تەربىيلەپ خەلقىمزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان پېشۋالرىمزنىڭ بىرى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسرنىڭ باشلرى 1926 ـ يىلى قاراقاش ناهيە توخلا يېزا بورىچى كەنتىدە ئاتاقلىق مۇقامچى هەسەن ئاخۇن ئاكىنىڭ هۇزۇرىدا دۇنياغا كەلگەن.

ئاتىسى هەسەن ئاخۇن ئاكا جەنۇبي شىنجاڭ، جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە تەڭداشسىز مۇقامچىلاردىن بولۇپ هاياتىدا مۇقامچىلىق ۋە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن.

هەسەن ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاتىسى بەردى ئاخۇن ئەلنەغمىمۇ 1839 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1920 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشهۇر مۇقامچىلاردىن ئىدى.

بەردى ئاخۇن ئاكا 81 يېشىغىچە ئىگىلىگەن ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرىنى ئوغلى هەسەن ئاخۇنغا قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. هەسەن ئاخۇن ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مۇقام ئەلنەغمىچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ مېهنەتكەش خەلقىنىڭ زور ئالقىشى ۋە هىمايىسىگە ئېرىشكەن. هەسەن ئاخۇن ئاكا ئوغلى مەتنۇراخۇندىكى مۇقام مەشرەپكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىغا قاراپ مەتنۇراخۇنىمۇ يارامىلىق مۇقامچى قىلىپ تەربىيلەپ چىقىش مۇددىئاسى بىلەن ئوغلىنى يەتتە يېشىدىن باشلاپلا قولىغا نەغمە دېپى تۇتقۇزۇپ، ئەل ئىچى ئەلنەغمە مەشرەپ سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە يوسۇن، چىنلىق

ۋە مەردلىكنى ئۆگىنىپ ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگەندىن باشقا، مۇقامنىڭ مۇرەككەپ تېپلىرىنىمۇ توغرا داپ ئۇرالايدىغان بىر بالا داپچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن، گۆدەك مەتنۇرى ناھايىتى زىرەك سەزگۈرلۈكى بىلەن 14 ـ 15 ياشلارغا كىرە ـ كىرمەيلا بىر قانچە مۇقامنىڭ نەزمە ۋە ئاھاڭ قىسىملىرىنى چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ئاتىسىغا قوشۇلۇپ تەڭ ئوقۇيالىغۇدەك بولغىنىنى كۆرگەن ھەسەن ئاكا ئوغلى مەتنۇراخۇنغا مەخسۇس بۇيرۇتۇپ بىر ساتار ياستىپ بېرىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ گۆدەك مەتنۇرى ساتار، بالمان، داپ، دۇتار، تەنبۇر قاتارلىق چالغۇنى ئۆگىنىشكە باشلاپ 30 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا خېلى كۆزگە كۆرۈنگىدەك مۇقامچى بولۇپ يۇرت ئىچىدە نامى چىقىشقا باشلايدۇ.

بۇ جەرياندا ھەسەن ئاخۇننىڭ كەنجى ئوغلى مەتنۇراخۇننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىگەمبەردى ئاخۇنمۇ ھەر خىل چالغۇلارنى ئاكىسىغا ئوخشاش ماھىرلىق بىلەن ئۆگىنىپ چىقىپ قاتارغا قوشۇلدى.

ئاتاقلىق مۇقامچى ھەسەن ئاكا ئىككى ئوغلى ۋە باشقا شاگىرتلىرى بولۇپ سەككىز كىشىلىك بىر ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ يۇرت ئىچى، جۇملىدىن خوتەن ۋىلايىتى ۋە قوشنا ۋىلايەتلەرگە قەدەر بۇلارنىڭ نام شۆھرىتى تارقاپ، يۇرت ئىچىدىكى ھەر قانداق ئەلنەغمە مەشرەپ سورۇنى ئۇلارسىز قىزىمايدىغان بولغان.

مەرھۇم ھەسەن ئاكا 90 يىللىق مۇقام ئەلنەغمىچىلىك ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ 1969 ـ يىلى كۈزدە 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ھەسەن ئاكا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇقام مەشرەپ ئەلنەغمە ئىشلىرى مەتنۇراخۇن ئاكىنىڭ زىممىسىگە قېلىپ، ئىنىسى ئىگەمبەردى ئاخۇن ۋە دادىسىنىڭ بىر قىسىم شاگىرتلىرى بىلەن مۇقام، ئەلنەغمە ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا باشلايدۇ. مەتنۇراخۇن ئاكىنىڭ دەۋرداشلىرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، قەشقەردىكى ئاتاقلىق مۇقامچىلاردىن تۇردى ئاخۇن ئەلنەغمە، ئۆمەر ئاخۇن ساتارچى، قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمە قاتارلىق مۇقامچىلارمۇ مۇقامچى ھەسەن ئاكىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن مەتنۇراخۇن، ئىگەمبەردى ئاخۇن قاتارلىق ھەسەن ئاخۇننىڭ ئىككى ئوغلىنى پۇرسەت بولسا يوقلاپ تۇرىدىكەن. شۇ يىللاردىكى يۇرت چوڭلىرىدىن زاۋا يېزىسى شاخلىق كەنتىدىكى مەمەتئىلىخان غوجىنىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر چوڭ بەزمىدە مەتنۇراخۇن ئاكا شاگىرتلىرى بىلەن ئورۇندىغان مۇقام كۈيلىرىدىن ھاياجانلانغان خەلق ـ پۇلدار بايلار مەتنۇراخۇنغا تون كىيگۈزۈپ بىر جابدۇلغان ئات ئىنئام قىپتۇ.

پەلەك تەتۈردىن كېلىپ 1966 ـ يىلى مەتنۇراخۇن ئاكا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش، پىپەن قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن جىسمانىي جەھەتتە بىر ئاز زەخىملىنىپ ئون نەچچە يىل كېسەل ئازابى تارتىپ بەختكە قارشى 1981 ـ يىلى 56 يېشىدا ھاياتى بىلەن ۋىدالاشتى.

پارتىيە ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى سەنئىتىگە يېشىل چىراغ يېقىلىپ، مەتنۇرى ئاخۇننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىگەمبەردى ئاخۇن چوڭ بوۋىسىدىن تارتىپ ئىككى ئەسىرگە يېقىن ئوقۇلۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىپ مەتنۇرى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىر ئوغلى مەتنىياز ئاخۇننى ئۆزىنىڭ تۇرسۇن توختى ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋە ئۆزى ھەم بىر قىسىم مۇقام ھەۋەسكارلىرىنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلماقتا.

ئىگەمبەردى ئاخۇن باشچىلىقىدا مۇقام ئىز باسارلىرى بىرلىكتە ئورۇندىغان پەنجىگاھ، چارىگاھ، ئۇششاق، چەببىيات، راك مۇقامى قاتارلىق بەش مۇقامنىڭ خوتەن ۋارىيانتىدىكى چوڭ نەغمە قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدىن كەلگەن جوجى، ياسىن مۇخپۇل، ئابدۇللا مەجنۇن قاتارلىق مۇقام تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلىدىن 2008 ـ يىلىغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇغا خاتىرىلەندى.

ئىگەمبەردى ئاخۇن ھازىرغىچە ھايات، 78 ياش، مەتنۇراخۇننىڭ ئوغلى 45 ياش، ئىگەمبەردى ئاخۇننىڭ ئوغلى 35 ياش ئىزچىل ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلماقتا ۋە ئەۋلاد تەربىيىلىمەكتە. يۇقىرىقى كىشىلەر چوڭ بوۋىسىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە ھازىرغىچە يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان تەۋەررۈك كىشىلىرىمىزدۇر.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا)



# ئونسۇدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى

ئابدۇسالام ئۆمەر

ئونسۇ قەدىمي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، قول ھۈنەر - سەنئەت يۇرتى ھېسابلىنىدۇ. ئونسۇدا ئالدىنقى ئەسىردىلا سودا كارۋانلىرى يىپەك يولىنى بويلاپ، ئونسۇنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قوشنا ئەللەر بىلەن ئۆزئارا سودا - ئالاقە، مەدەنىيەت، ھۈنەر - تېخنىكا ئالاقىسىدە بولغان، بۇ جەرياندا كۆپلىگەن قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆزىنىڭ ھۈنەر كەسپىنى يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتكەن، قوشنا ئەللەردىكى ھۈنەرۋەن كاسىپلارمۇ ئونسۇغا كېلىپ، تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان ھەم يەرلىك خەلقلەرگە ھۈنەر - سەنئەت، تېخنىكا ئۆگىتىپ كۆپلەپ شاگىرت تەربىيىلەپ، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئونسۇدا ياغاچچىلىق، كىگىزچىلىك، رەخت توقۇش، بوياقچىلىق، كۆن خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش، مېتال بۇيۇملارنى تاۋلاش، ياساش كارخانىلىرى كۆپىيىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 34 - يىلى (1908 - يىلى)غا كەلگەندە داڭلىق قول ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى 441 گە، ئۇلارنىڭ تارماق كارخانىلىرى 326 گە يەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك خەلق قول ھۈنەر - سەنئىتى، ئەل ئىچى بىلىملىرى، خەلق ئۇسسۇللىرى، ئەلنەغمىلەر، خەلق ئاھاڭلىرى، خەلق ئەدەبىياتى ۋە باشقا مەدەنىيەت بوشلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 93 تۈرلۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈپ دەسلەپكى ماتېرىيالىنى ئارخىپلاشتۇردى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكتىنى ئېنىقلاش، يوقىلىش گىردابىغا يەتكەنلىرىنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت مىراسلىرى قوغداپ قېلىندى.

بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ئونسۇنىڭ جام، ئىشلەمچى، قىزىل گۈلئاۋات، تۇمشۇق، ئارال بوزدۆڭ قاتارلىق يېزا - بازارلىرىدا ساقلىنىپ قالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئونسۇنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر تېخنىكىسى تەرەققىي قىلدى. 2007 - يىلى بۇ تۈر ئىككىنچى تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.
هازىر ئۇنسۇ كەشتىچىلىكى قاتارلىق بىر تۈر دۆلەت دەرىجىلىك، ئات ئىگىرى ياساش قاتارلىق ئىككى تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، «قۇم دۆلتى قەلەمتىراچى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ نىقابلىق ئويۇنى» قاتارلىق تۆت تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ تەگلىمات ياساش ھۈنىرى قاتارلىق 60 تۈر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى كەسپىي خادىملار ئىككى يىل ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، تەكتىنى ئېنىقلاش، يوقىلىش گىردابىدىكىلىرىنى قوغداش، جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئەجدادىمىزنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بىر تۈركۈم قىممەتلىك قول ھۈنەر - سەنئەت، مەدەنىيەت مىراسلىرى قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

بوزدۆڭ يېزا بوزدۆڭ كەنتىدىكى 58 ياشلىق ئات ئىگىرى ياساش ئۇستىسى ئۆمەر ياقۇپ 300 يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن بىردىنبىر ئات ئىگىرى ياساش تېخنىكىسىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ۋارىسى بولۇپ، ئۇ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بۇ ئاتا مىراس كەسپىنى بۇگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ۋارىسى بەركەت ئاخۇن ئەينى ۋاقىتتا ئاتۇشلۇق ئۇيغۇر ئۇستىلاردىن ئات ئىگىرى ياساشنى ئۆگەنگەن ۋە بۇ ھۈنەرنى 50 يىل داۋاملاشتۇرغان، كېيىن بۇ ھۈنەرنى ئىككىنچى ئەۋلاد ۋارىسى ئوغلى ئابدۇللاغا ئۆگەتكەن.

ئابدۇللا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ ياردىمىدە ھۈنەرنى پۇختا ئۆگىنىپ قەشقەر، ئاتۇش، تاشقورغان تەرەپلەرگىچە بېرىپ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 75 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇ ھايات چېغىدا ئەنجانلىق ئۇيغۇر ئۇستىلاردىن ئىگەر ياساش، نەقىشلەش، بېزەش، ھەر خىل ئات جابدۇقى ياساش جەھەتتىن تەلىم ئالغان. 1930 - يىلى ئوغلى ياقۇپ تۇغۇلغاندىن كېيىن بۇ ئاتا مىراس كەسىپنى ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋارىسچى ياقۇپقا ئۆگەتكەن. ياقۇپ بۇ ھۈنەرنى تېخىمۇ پۇختا ئۆگىنىپ قەشقەر ۋە قىزىلسۇدا تارماق دۇكانلارنى ئاچقان



ۋە نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. 1948 - يىلى ياقۇپنىڭ ئوغلى ئۆمەر تۇغۇلغاندىن كېيىن، ياقۇپ ئوغلى ئۆمەرنى كەينىگە سېلىپ ھۈنەرنىڭ ئاددىي ئىش تەرتىپىنى ئۆگەتكەن، 1960 - يىلى ياقۇپ تۆتىنچى ئەۋلاد ئاتا كەسپىنىڭ ۋارىسى ئۆمەرگە تەۋەررۈك ھۈنەر سايمانلىرىنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمەر ياقۇپ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش نىيىتىدە ھۈنەرنى پۇختا ئۆگىنىپ يۇرت مەھەللىدە نام چىقارغان. 1990 - يىلى ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەم تا ھازىرغا قەدەر 20 نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۆمەر ياقۇپنىڭ ئات ئىگىرى ياساش تېخنىكىسى 2008 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

ئۇنسۇ كەشتىچىلىكىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋارىسى ئايىمخان جۇمە بوزدۆڭ يېزا بوزدۆڭ كەنتىدىكى كەشتىچىلىك ئۇستىسى. ئۇ لايىھىلەپ روياپقا چىقارغان ئەنئەنىۋى نەقىشلىك قول ھۈنەر - سەنئەت كەشتە بۇيۇملىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، 2007 - يىلى ئىككىنچى تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۇنسۇدىكى قول - ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىغا شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئايىمخان جۇمە كەنتتىكى 35 نەپەر ئايالغا كەشتىچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ھازىر بۇ كەنتتە ھەسەلخان (18 ياشلىق قىزى) باشچىلىقىدا تۆتىنچى ئەۋلاد كەشتىچىلىك ۋارىسى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يوقىلىش گىردابىغا كەلگەن «قۇم ئېلى قەلەمتىراچى»نىڭ (ئۇنسۇ قەدىمكى زاماندا قۇم دۆلتى دەپ ئاتالاتتى) سىرتقى شەكلى،

ئالاھىدىلىكى، ياسلىشى، نەپىسلىكى، چىداملىقلىقى ۋە تا-
رىخىي ئەھمىيىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن 2008 - يىلى دۆ-
لەتلىك ئەقلىي مۈلۈك ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خا-
دىملار ئۇنسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ «قۇم ئېلى قەلەمترا-
چى»نىڭ قايتا روياپقا چىققانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن قەلەم-
تىراچنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىك گۇۋاھنامىسىنى
تاپشۇردى ھەم 300 يىللىق تارىخقا ئىگە قەلەمتىراچنىڭ
تۆتىنچى ئەۋلاد ۋارىسى ماخمۇت موللاۋۇتقا «تۆھپىكار
ۋارىسچى شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بەردى.

بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىزىتىپ ياساش
تېخنىكىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ۋارىسى ساۋۇت مىسكەر
(ماخمۇت موللاۋۇتنىڭ بوۋىسى) 1800 - يىلى تۇغۇلۇپ
1817 - يىلى كۇچا، ئۈزبرغول قاتارلىق جايلاردا ھۈنەر
كەسىپ ئۆگەنگەن، كېيىن كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.
1818 - يىلى ساۋۇت مىسكەر ئەڭ قەدىمكى «كۇسەن قە-
لەمتراچى»، «شەھيار قەلەمتراچى»نى ئىجاد قىلىپ ياسى-
غان. 1860 - يىلى ئوغلى داۋۇت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ-
غا ھۈنەر ئۆگەتكەن، 1875 - يىلى داۋۇت ساۋۇت ئۆز ئال-
دىغا پىچاقچىلىق، تۆمۈرچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ پىچاقچىلىق
تېخنىكىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلىقتىن ئۇ ياسىغان پى-
چاقلار جايلارغا تارقالغان. داڭلىق قول ھۈنەرۋەن ئۇستى-
سى داۋۇت ساۋۇت 1910 - يىلى سودا كارۋانلىرى بىلەن
قوشۇلۇپ كۇچادىن ئۇنسۇغا كېلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى بى-
پايان بوستانلىق گۈلئاۋات يېزىسىغا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.
ئۇ ئاتا كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىپ ئىلگىر - كېيىن بولۇپ 28
شاگىرت تەربىيىلىگەن. 1912 - يىلى چوڭ بالىسى موللا-
ۋۇتقا بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن. 1925- يىلى موللاۋۇت
داۋۇت ئاتا كەسپىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋارىسى بولۇپ ئا-
تىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ھۈنەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان،
1948 - يىلى ئوغلى مەخمۇت تۇغۇلغاندىن كېيىن ھۈنىرىنى
ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، 1975 - يىلى ماخمۇت موللاۋۇت ئاتى-
سىنىڭ ئىزباسارى بولۇپ، تۆتىنچى ئەۋلاد پىچاقچىلىق
ئۇستىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ۋە ھۈنەر ماھارىتى
يىراق - يېقىنغا نام چىقارغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 -
يىللىرىغا كەلگەندە «قۇم ئېلى قەلەمتىراچى»نىڭ ئەسلىي
ھالىتىنى ئەينەن لايىھىلەپ ئۇتتۇق قازانغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ لايىھىلەپ ياسىغان ئۆز-
گىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، شەكلى كۆركەم، ئۆتكۈك شە-
كىللىك، جەرەن مۈڭگۈزلۈك، ياقۇت كۆزلۈك، سېرىق
تۇشتىن ھەل بېرىلگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قە-
لەمتىراچلار، ئىچكىرى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى خې-
رىدارلارنىڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا ئېرىشتى، كۆپ قېتىم
يەرمەنكە ۋە كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇپ تۈرلۈك مۇكا-
پاتلارغا ئېرىشتى.

ئىشلەمچى يېزىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ
نىقابلىق ئويۇنىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ۋارىسى 83 ياشلىق
قاسىم مۆمىن تا بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوينىلىپ
كېلىۋاتقان ئۆملۈك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن نىقابلىق ئويۇننى ئەل ئارىسىدا ئويناپ كەلمەكتە.

قاسىم مۆمىننىڭ بوۋىسى قېيۇم ئاخۇن 1810 -
يىلى تۇغۇلغان. ئەل ئارىسىدا يۈز ئابرۇيلۇق نەغمىكەش،
قىزىقچى، ھۆرمەتكە سازاۋەر سەنئەتكار، ئۇ سودا كارۋان-
لىرىغا ئەگىشىپ بارغانلىكى جايدا قىزىقارلىق ئويۇنلارنى
ئويناپ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ شەكلىنى دوراپ ئەل ئا-
رىسىدا تونۇلغان. 1860 - يىلى سودا كارۋانلىرىغا ئەگە-
شىپ قومۇلدا بىر مەزگىل ياشىغان. 1870 - يىلى كۇچادا
ئوردا قىزىقچىسى بولۇپ تۇرغان. كېيىن ئۇنسۇ بەگلىك-
نىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنسۇغا يەرلەشكەن. 1880- يىلى با-
لىسى مۆمىن قېيۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن يۇرت كېزىپ ئەل
ئارىسىدا قىزىقچى بولۇپ تونۇلغان ھۈنىرىنى بالىسىغا ئۆ-
گىتىپ ئىزباسار قىلىپ يېتىشتۈرگەن. 1928- يىلى قاسىم
مۆمىن تۇغۇلۇپ ئون ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئاتىسى
مۆمىن قېيۇمغا ئەگىشىپ ئاتا كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىپ
ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشنى ئۆگەنگەن. قاسىم مۆمىن
16 ياشقا كىرگەندىن كېيىن «تۆگە ئويۇنى»، «شىر ئويۇ-
نى»، «غاز ئويۇنى»، «توخۇ ئويۇنى»، «چامغۇر زەدەك
ئويۇنى»، «ھەممەتەك تاز ئويۇنى»، «يېپچى خوتۇن ئويۇ-
نى»، «ئېگىز ئەر، پاكار خوتۇن ئويۇنى» قاتارلىق بىر
يۈرۈش قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناپ،
ئاۋام خەلقنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە، كەسىپ ئەھلىنىڭ مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن.

2007 - يىلى «ئۇنسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىقابلىق
ئويۇن سەنئىتى» تۇنجى تۈركۈمدە ۋىلايەت دەرىجىلىك
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىر-
گۈزۈلدى.

(ئاپتور: ئۇنسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

# ئۇيغۇرلاردا سۈننەت قىلىش ئادىتى

ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق

سۈننەت قىلىش ئۇيغۇرلاردا خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا توشقاندا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇ ئادەتنى ساغلاملىققا پايدىلىق بولۇش، گۈزەللىكنى سۆيۈش، قىلغان ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەش قارىشىغا ئاساسەن، تاق سانلارنى ئۇلۇغلاش نۇقتىسىدىن «خاسىيەتلىك يەتتە» ئۇقۇمى بويىچە، ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش ۋاقتىنى يەتتە ياش قىلىپ بېكىتكەن. تۇنجى ئوغۇلنىڭ خەتنىسىنى قىلىدىغان چاغدا، بىرەر ئىشتا نەتىجە قازانغان، خۇشال بولغان، ئارزۇسىغا يەتكەن پەيتنى تاللاپ، ئەر قوشنىلىرى ۋە دوستلىرىدىن 10 — 15 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ داستىخان تەييارلاپ، خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى قىلىشتەك خاس ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئادەتتە تۇنجى ئوغۇلنىڭ سۈننەت (خەتنە) تويى ئالاھىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، سۈننەت قىلىش ۋاقتى كۆپىنچە ئەتىياز ۋە كۈزدە بولىدۇ. سۈننەتنى قىلىدىغان بالا ئۈچۈن يېڭى كىيىملەر تەييارلىنىپ، يوتقان - كۆرپە تىكىلىدۇ. مەرىكە كۈنى بالىغا قىزىل تاۋاردىن بەلباغ باغلىنىدۇ (ھازىر مەيدىسىگە گۈل تاقىلىدىغان بولدى)، سۈننەت (خەتنە) قىلىش بىلەن توي مەرىكىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قايسىسىنىڭ بالدۇر بېجىرىلىشى مۇھىم ئەمەس. ھازىرقى ئەھۋالدا كۆپىنچە ئاۋۋال سۈننەتنى قىلىش، ئاندىن سۈننەت توي مەرىكىسىنى قىلىش ئومۇميۈزلۈك بولماقتا. بۇ تەرتىپ بىر قەدەر ئىلمىي بولۇپ، بالا تولۇق ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن سۈننەت توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

سۈننەت قىلىنىشتىن بۇرۇن بالا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلدۇرۇلىدۇ. سۈننەتچى، بالىنىڭ تۇغقانلىرى بالىنى قورقماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنى باتۇرلۇققا، قەيسەرلىككە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ يۈرىكى توختايدۇ. سۈننەت قىلىنىدىغان چاغدا بالىنى تاغىسى ياكى چوڭ دادىسى بالىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. سۈننەت قىلىنىشتىن بۇرۇن كۆيدۈرۈلگەن پاختا ۋە بىر دانە پىشۇرۇلغان تۇخۇم سويۇپ تەييارلىنىدۇ. خەتنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن كېسىلگەن جايغا دەرھال كۆيدۈرۈلگەن پاختا بېسىلىپ قان توختىتىلىدۇ. بالىنىڭ ئاغزىغا سويۇپ تەييارلانغان تۇخۇم سېلىنىدۇ. سورۇندىكىلەر بالىنى مۇبارەكلەپ پۇل ۋە بالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى تۇتقۇزىدۇ. ئەگەر سۈننەتچىنىڭ قولى «يەڭگىل» بولسا بالا بىر ھەپتىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بەزى بالىلار تۇغۇلۇشتىنلا خەتنىلىك تۇغۇلىدۇ، بۇنداق بالىلار خەتنە قىلىنمايدۇ. بەزى مۇسۇلمان ئەللەردە بالا تۇغۇلغاندا كىندىكىنى كېسىپ بولۇپلا خەتنىسىنى قىلىۋېتىدۇ.

خەتنە قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان. «خەتنە قىلىش» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون سۈننىتى (ئەۋرەمىن، قولتۇق، بۇرۇننىڭ تۈكىنى ئېلىش، تىرناق ئېلىش، ساقال-بۇرۇتنى ئېلىش، پاكىز يۈرۈش، يۇيۇنۇش، ئۆزىنى خۇشبۇي تۇتۇش، خەتنە قىلىش، كىچىك چوڭغا سالام بېرىش، ئاز گەپ قىلىش قاتارلىقلار)نىڭ بىرى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 80 ياشقا كىرگەندە «ئاللانىڭ ۋەھى»گە ئاساسەن ئىنسانلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ «خەتنە»سىنى قىلدۇرغان.

ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش بەدەن تازىلىقىنى ياخشىلاپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشتىكى بىر خىل پايدىلىق چارە بولغاچقا، ئەرەبلەر ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئومۇملاشقان ۋە ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. ئىلگىرى ئەرەبلەر بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا تولغان يىلىنىڭ 2-ياكى 4-پەسلىدە خەتنىسىنى قىلغان. ھازىر بولسا، تېببىي ئىلىم تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە بالا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دوختۇرخانىلاردا بېجىرىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى مەخسۇس خەتنە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملار (ئاساسلىقى ساتىراشلار) بار بولۇپ، خەتنە قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. ئۇلار ئادەتتە يەرلىك ئۇسۇلدا يېرىلغان قومۇش، ئۇستىرا، كۆيدۈرۈلگەن پاختا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ (بولۇپمۇ قومۇش بىلەن ئۇستىرىنىڭ) پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش قىيىن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە تېببىي ئىلىمنىڭ تەسىرى ۋە خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، خەتنە قىلدۇرۇش كۆپىنچە دوختۇرخانىلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى)

2009.5



# ئۇيغۇرلاردىكى سۈت - قېتىقچىلىق كەسپى ۋە ئىستېمال ئادىتى

ئابدۇقەييۇم مجىت

1. كىرىش

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەت چارۋىچىلىق ئىگىلە-
كى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا چارۋىچىلىق مەھسۇلات-
لىرىنى، بولۇپمۇ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ
ئىشلەش ۋە ئىستېمال قىلىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئىستېمال
ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، مۇئەييەن تەجرىبىلەرنى
توپلىغان ھەمدە مەخسۇس سۈتچىلىك، قېتىقچىلىق كەسپى-
نى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.
«چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ نىشانلىغان مەقسىتى: بىرى،
كىشىلەرنى گۆش بىلەن تەمىنلەش؛ ئىككىنچىسى، كىشى-
لەرنىڭ سۈتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۈچىنچى-
سى، كىيىم - كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كاپالەتلەندۈ-
رۈش. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى مەقسەت ئاساسىي ئو-
رۇندا تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى چارۋىچىلىق
ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىراق بارلىققا
كەلگەن بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ
يېڭى بىر باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» ①. ئۇيغۇرلار
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتا پەقەت گۆشكە بولغان
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى
يەنە سۈتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىمۇ مەقسەت
قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ياشىغان زېمىندا چارۋىچىلىق ئىگە-
لىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن
ئەتكەن. ئۆرخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان دەۋرلەردە
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان



بولۇپ، ئۇلار ئوت - سۇ قوغلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن. چارۋىلارنىڭ ئىچىدە ئات، كالا، قوي ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسىم يېمەك - ئىچمىكى چارۋىدىن كېلەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى Ⅷ ئەسىرلەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا كاتتا شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ شەھەرلىشىشكە باشلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەرلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن ئۇيغۇرلار تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋا باقمىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىشتەك قوش ئىگىلىك شەكلىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ گۆش، سۈت ۋە سۈت يېمەكلىكلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا شىمالىي شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بەكرەك تەرەققىي قىلغان. سۈت - قېتىقچىلىق كەسپى تېخىمۇ راۋاجلانغان. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئوتلاق يەنى يايلاق رايونلاردىكى خەلقلەر چارۋىلارنىڭ سۈتىنى ئاساسلىق ئىچىملىك قىلسا، بوستانلىق مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ رايونلاردىكى خەلقلەر مېۋە - چېۋىلەردىن ياسالغان ئىچىملىكلەرنى ئاساسلىق ئىچىملىك قىلغان. ئۇيغۇرلار تارىم ۋادىسىدا بوستانلىق مەدەنىيەت تىپىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، دېھقانچىلىقنى ۋە باغۋەنچىلىكنى ئاساس، چارۋا باقمىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىشتەك ئىگىلىك شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، سۈت ۋە سۈت ئىچىملىكلىرى، سۈتتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىمۇ قوشۇمچە ئىستېمال قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولمىدى.

**2. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت - قېتىقچىلىق كەسپى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار**

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھەر خىل ئىگىلىك شەكىللىرى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ قوزغىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، سۈت - قېتىقچىلىق كەسپى ۋە سۈت ئىستېمال ئادىتى ھەققىدە ھەر خىل نۇقتىلاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر بەزى تەتقىقاتلار ئىشلەندى. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتارلار «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ئادەتلىرىدىن بىرى بولغان ئائىلە باقمىچىلىقى ھەققىدە توختالغان. مۇھەممەتئىمىن سابىرنىڭ «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى» ناملىق ئەسىرىدە سۈت - قېتىقچىلىق ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكى، پىششىقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار بايان قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، سۈت - قېتىقچىلىق كەسپى ۋە سۈت ئىستېمال ئادىتى، سۈتتىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان يېمەكلىكلەر ۋە ئۇ يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە مەخسۇس، سىستېمىلىق ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان تەتقىقاتلار تولىمۇ يېتەرسىز ھالەتتە تۇرماقتا.

### 3. سۈت ۋە سۈت ئىستېمال ئادىتى

سۈت ــ ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سۈت ئەمگۈچى جانلىقلارنىڭ تۇنجى ئوزۇقى. سۈت جانلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سىجىل تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتى. ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بەزى هايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ سۈتىنىڭمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىستېمال قىممىتى بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك سۈت ئىستېمال قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سۈتكە نىسبەتەن هەر خىل چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە، سۈتنى ئاساسلىق ماتېريال قىلىپ كۆپلىگەن يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىگەن هەمدە سۈتچىلىك، قېتىق ـ قايماقچىلىق كەسىپلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلاردا سۈت ـ قېتىقچىلىقنىڭ كەسىپلىشىپ سودا خاراكتېرىنى ئېلىشىغا بىر جەهەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىپتىدائىي ناتورال هالەتتىن تەدرىجىي مەلۇم مىقداردىكى ئېشىنچا سۈت مەهسۇلاتلىرىغا ئىگە بولغان هالەتكە ئۆتۈشى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر جەهەتتىن كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبەتەن بالدۇر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېهقانچىلىق ئىگىلىك شەكلىگە ئۆتۈشى ۋە شەهەرلىششى تۈرتكە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر ئېشىنچا سۈتلەرنى ۋە سۈت مەهسۇلاتلىرىنى باشقا كېرەكلىك بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇش ۋە سېتىشقا باشلىغان، كېيىن سۈت تەدرىجىي تاۋارلاشقان. سۈت ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئاقلىق، پاكلىق ۋە هالاللىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئاق نەرسىلەرنى «سۈتتەك» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تارىختا قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلاردا سۈت ۋە سۈت مەهسۇلاتلىرى، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىستېمال قىلىنىشى هەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچۇرلار بار. « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مائىترى سىمىت نوم بىتىگ› نى كۆچۈرتكۈزگۈچى چۈتاش يىگەن تۇتۇق تەرىپىدىن يېزىلغان ‹يۇكۇنچ› بۆلۈمىدە ‹... يەنە بىر چاغدا ئېغىر ئاياغ ـ هامىلدار پادىچى قىزى قېتىق ساتقىلى شەهەرگە كېتىۋاتاتتى ③ دېگەن جۈملىلەر بار. بۇ سۈتچىلىك، قېتىقچىلىقنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا كەسىپلىششكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈتچىلىكى ۋە سۈت مەهسۇلاتلىرىغا ئائىت بايانلارنى يەنە XI ئەسىرلەردىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىز بولغان يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە مەهمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» لىرىدىنمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 59 ـ بابى (يەنى «چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا») دا چارۋىچىلار ۋە ئۇلار ئىشلەپ چىقىرىدىغان نەرسىلەر هەققىدە مۇنداق بېيىتلارنى يازىدۇ:

[4441] يېمەك ـ كىيمەك، ئۇلاغ ـ ئات، ئايغىر ۋە يۈك ــ توشۇغۇچى بۇلاردىن چىقار بەلگۈلۈك.

[4442] قىمىز، سۈت، يا يۇڭ، ياغ، قېتىق يا قۇرۇت،

بىسات يا كىگىز هەم هۇزۇر ئۆيگە تۇت» ④.

يۈسۈپ خاس هاجىپ يازغان بۇ بېيىتلاردىن شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىمىز، سۈت، قېتىق، قۇرۇت... قاتارلىق سۈت مەهسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەهمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قالدۇرغان سۈت ۋە سۈت مەهسۇلاتلىرى هەققىدىكى بايانلىرى تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، «دىۋان»دا سۈت ۋە سۈتچىلىك هەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر بار: «سۈت ـ سۈت»⑤. «ساغىم ـ سېغىم. بىر ساغىم سۈت ـ بىر سېغىم سۈت» ⑥؛ «چورچور ـ چور ـ چور. سۈت ساغقاندا چىقىدىغان ئاۋاز. هەرقانداق سۇيۇق نەرسىنىڭ ئاققان ئاۋازىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ» ⑦؛ «ساغىنلىق ـ ساغىنلىغ ئەر ـ سېغىن مېلى بار ئادەم» ⑧؛ «سۈتگىردى ـ سۈتلەشتى، سۈت هالىتىگە كىردى، سۇيۇلۇپ قالدى. يۇغۇرت سۈتگىردى ـ قېتىق سۈتلەشتى، قېتىق سۇيۇلۇپ قالدى (سۈتگىرەر ـ سۈتگىرمەك)»⑨؛ «ساغىشدى ـ سېغىشتى. ئۇلار ئىككىسى سۈت ساغىشدى ـ ئۇلار ئىككىيلەن سۈت سېغىشتى، سۈت سېغىشتا بەسلەشتى. سېغىشتا ياردەملىششكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ساغىشۇر ساغىشماق) ⑩؛ «ساغىلدى ـ سېغىلدى. سۈت ساغىلدى ـ سۈت سېغىلدى (ساغىلۇر ـ ساغىلماق)»⑪؛ «كۆگەن ـ كۆگەن. سېغىن ۋاقتىدا موزاي ياكى ئوغلاقنىڭ بوينىغا باغلايدىغان ئارغامچا»⑫؛ «يەلى ـ يەلى. قۇلۇنلارنى

باغلايدىغان ئارقان. يايلاقتا بىيە سېغىلىدىغان چاغدا قۇ-
لۇنلار ئاشۇنداق ئارقانغا باغلاپ قويۇلىدۇ، بىيىلەر سېغى-
لىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ»[13]؛
«سۇۋ - سۇ. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: سۇۋ بىرمەسكە
سۈت بىر - سۇ بەرمىگەنگە سۈت بەر. بۇنىڭدىن مەقسەت
- ساغما يامانلىق قىلغانغا سەن ياخشىلىق قىل، چۈنكى
سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۇنى ساغما قۇل قىلىپ بېرىدۇ»[14]؛
«سۇۋۇق - سۇيۇق. ھەر قانداق سۇيۇق نەرسە؛ شالاڭ.
سۇيۇلدۇرۇلغان قېتىق، شىرنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەر-
سىلەرگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. سۇۋۇق يۇغۇرت -
سۇيۇق قېتىق[15].... «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سۈت
ۋە سۈتچىلىككە ئائىت بايانلارنىڭ كۆپ بولۇشىدىن بىز
گەرچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئال-
لىقاچان شەھەرلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ،
قىسمەن خەلقىنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنى-
ۋاتقانلىقىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كالا ۋە ئۆچكىلەرنىڭ
كۆپلەپ سېغىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى ساغقاندا موزاي ۋە
ئوغلاقلىرىنى «كۆگەن» دېيىلىدىغان ئارغامچىلاردا
باغلاپ قويىدىغانلىقى ھەمدە سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلى-
رىنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.
ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە مالنىڭ بوغاز بولمىغانلىقىنى ئۇنىڭ
يېلىنىغا قاراپ، ياكى تۇتۇپ بېقىپ بىلىدىغان ئادەت بار.
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «يېلىن - يېلىن. بايتال يېلىنى.
ھەممە تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ يېلىنلىرىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ»[16]، «يەلنەدى - يېلىنلىدى، يېلىن سالدى. بى
يەلنەدى - بىيە (بايتال) يېلىن سالدى. بىيە ۋە باشقا هاي-
ۋانلار توغۇش ئالدىدا يېلىن سېلىپ، يېلىنىدا سۈت پەيدا
بولسا شۇنداق دېيىلىدۇ (يەلنەر - يەلنەمەك)» [17]. ئادەت-
تە مەلۇم بىر ھايۋاننى ساغسا بولىدىغان، بولمايدىغانلىقىنى-
مۇ ئۇنىڭ يېلىنىنىڭ چىڭقالغان - چىڭقالمىغانلىقىغا قاراپمۇ
بىلىدۇ. سۈت، قايماق، قېتىق سۆزلىرى ناھايىتى ئۇزاق
زامانلار بۇرۇنلا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە
كۆپ ئىشلىتىلگەن. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەر سۈت
ساغقاندا «ئىنەك خۇمرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس
ساپال قاچىلارنى ئىشلەتكەن. ئىسلام دىنىدىكى بەزى
كۆرسەتمىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت ئىستېمال ئادىتىنى
تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا مۇئەييەن دەرىجىدە تۈرتكە
بولغان. ئۇيغۇرلاردا يەنە يىلان كۆپ بولىدىغان جايلاردا
ئەگەر ئۆيگە يىلان كىرىپ قالسا يىلانغا زىيان - زەخمەت
يەتكۈزمەي چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا قاچىدا
سۈت قويۇپ بېرىپ يىلاننى شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن
ئالداپ چىقىرىۋېتىدىغان ئۇسۇل بار. چۈنكى ئەگەر
يىلانغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈلسە يىلاننىڭ جۈپتى
(جورىسى) ئۆچ ئالىدۇ، دەيدىغان قاراش بار. شۇنىڭغا
قارىغاندا، كىشىلەر سۈتنى پەقەت ئىستېمال قىلىش ئۈچۈ-
نلا ئەمەس، بەلكى يىلان قاتارلىق زەھەرلىك ھايۋانلار-
نىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن. بۇ
ئۇسۇل دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەردە ئومۇملاشقان.

### 4. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرى

چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە
چارۋىچىلار چارۋا - ماللاردىن ئېرىشكەن سۈتنى پەقەت
شۇ پېتى ئىچىملىك قىلىپ ئىشلەتكەن، كېيىن سۈتنىڭ ئې-
شىنچا ئەمگەك مەھسۇلاتى بولۇشىغا ئەگىشىپ بارا - بارا
بەزى سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەشكە باشلىغان. ئۆزىدى-
نىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىنغان سۈتتىن بەزى يېمەكلىكلەرنى
ياساپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىش بىلەن سۈت تاۋارلى-
شىشقا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ چارۋىچىلىق ئىگىلى-
كى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مىللەتلەردە بىر قىسىم سۈت
مەھسۇلاتلىرى دائىم ئىشلەنگەندىن سىرت، يەنە ئۇلار
سۈتنى ئۆزىنىڭ تاماقلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى سۈپىتىدىمۇ
ئىشلىتىدۇ. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە سۈتتىن پىشى-
شقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
سۈت، قۇرۇت، قېتىق، ئايران، سۇزمە، قىمىز، ئىرىم-
چىك، سېرىق ماي... قاتارلىقلار بولغان.

«سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ۋاستىلىك سۈت مەھسۇلاتلى-
رى ۋە بىۋاسىتە سۈت مەھسۇلاتلىرى دەپ ئىككى تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. ۋاستىلىك سۈت مەھسۇلاتلىرى دېگىنى-
مىزدە، سۈت قوشۇپ ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان قازان تاماق-
لىرى، تونۇر تاماقلىرى، گۆلخان تاماقلىرى، سۈت
قوشۇپ ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە
سۈتلۈك چاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىۋاسىتە سۈت مەھسۇلات-
لىرى دېگىنىمىزدە، خام قايماق قاتارلىق بىرلەمچى مەھ-
سۇلاتلار، قېتىق قاتارلىق ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلار،
ماسكا ياغ قاتارلىق ئۈچلەمچى مەھسۇلاتلار، سېرىقماي

2009.5

قاتارلىق تۆتلەمچى مەھسۇلاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ» [19].

سۈت يېمەكلىكلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشى، تەييارلاش ئۇسۇلى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تۆۋەندە بىز بۇ مەھسۇلاتلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) قېتىق - سۈتنى قايناتىپ ئىچىتقۇ (كۇنەلگۈ) سېلىپ ئىچىتىلگەن سۈت مەھسۇلاتى بولۇپ، سۈتنى سۇنئىي ئىچىتىش ۋە ئۇيۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇ تەمى چۈچۈمەل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئىچىملىك. قېتىقتىن ھەر خىل مېۋە سالاتلىرى ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەر ياسىلىدۇ. قېتىق يەنە دوغ، قادۇ ياساشتىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. دوغلار ئادەتتە سارىق، ئوڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئوڭى پەقەت شىرىندىلا ياكى پەقەت قېتىقتىلا ئېتىلىدۇ. سارىقى بولسا قېتىق بىلەن شىرىننى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قېتىقنى نان بىلەن قوشۇپ يېيىشكە ئامراق. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «قاتىتىق - تۇتماچ (چۆپ) قا قېتىلىدىغان قېتىق، سىركە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر» [20]. «قاتىقلىغ -... قېتىقلىق ئادەم يەنى قېتىقى بار ئادەمگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» [21]؛ «لاغۇن — ئىچى چۆچەككە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ ئاياغ. ئۇنىڭ بىلەن سۈت، قېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئىچىلىدۇ» [22]؛ «قور - قور، كۇنەلگۇ، بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇلغان ئازراق قېتىق ياكى قىمىز كۇنەلگۇسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ قېتىق ئۇيۇتۇلىدۇ ياكى قىمىز ئىچىتىلىدۇ» [23] (كۇنەلگۇ - قېتىق ئۇيۇتۇش ئۈچۈن سۈتكە ئارىلاشتۇرۇلىدىغان خۇرۇچ؛ ئىچىتقۇنى كۆرسىتىدۇ)؛ «قورلاندى - ئېچىندى، ئېچىدى. ئەر تاۋارىڭا قورلاندى - ئادەم مېلىنىڭ قولدىن كەتكىنىگە ئېچىندى ۋە ھەسرەت چەكتى. قىمىز قورلاندى - قىمىز (كۇنەلگۇنىڭ تەسىرى بىلەن) ئېچىدى. قېتىق ئۇيۇسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قورلانۇر - قورلانماق)» [24]؛ «ئۇزىتما - ئۇيۇتما قېتىق» [25]؛ «ئۇزىشدى - ئوخلاشتى... ئازاق ئۇزىشدى - ئاياغ ئۇيۇشتى. يۇغۇرت ئۇزىشدى - قېتىق ئۇيىدى (ئۇزىشۇر - ئۇزىشماق)» [26] دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە ئىستېمال قىلىش ئادىتىنىڭ تولىمۇ ئۇزاق ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار سۈت ۋە قېتىقلارنى «لاغۇن» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ياغاچ ئاياغلاردا ئىچىدىغانلىقىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالايمىز. قېتىقنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئۇيغۇر تېۋىپلار قان بېسىمى يۇقىرى ياكى مايلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلسا كۆڭلى ئېلىشىدىغان كىشىلەرنى قېتىق ئىچىشكە بۇيرۇيدۇ. قېتىق ئۇيقۇنى ۋە ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئىشتىھانى ياخشىلاپ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قېتىق ئۇيۇتۇش، قېتىق سېتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىز - ئاياللار قىلىدۇ. بازارلاردا مەخسۇس قېتىق ساتىدىغان ئورۇنلار بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچەر»، «قېتىق ئىچكەن قۇتۇلۇپ، قاپاق يالىغان تۇتۇلۇپتۇ»، دېگەن ماقال - تەمسىللەر كەڭ تارقالغان. بۇ، قېتىق ئىستېمال تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ماقال - تەمسىللەردۇر، ئەلۋەتتە.

2) قايماق — تىندۇرۇلغان ياكى قايناتىلغان سۈت يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە تەركىبىدە ماي (ياغ) بولىدىغان نېپىز قەۋەت، يەنى سۈتنىڭ ماي قىسمى بولۇپ،



قوشۇق ياكى كەپكۈردە سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. قايماق ئادەتتە خام قايماق ۋە پىششىق قايماق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، خام قايماقتا قارىغاندا پىششىق قايماقنى ئۇزاقراق ساقلاشقا بولىدۇ. قايماق «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ خاتىرىلەنگەن. «دىۋان» دا مۇنداق باياناار بار: «قاناق ـ قايماق. بۇ سۆزدە «ن ـ N» ھەرپى «ى ـ يا»نىڭ ئورنىغا ئالماشقان. ئارغۇ ۋە بۇلغار تىللىرىدا»㉗؛ «قاياق ـ قايماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سەزرەمىش ئۇلغۇن قوناق،
سارمامىش سۈتتەن قاياق.

[چۈجگۈن قوناق دانلىرى سىيرەكلەشتى، سۈتتىن قايماق سۈزۈلۈپ بولدى.]

چۈجگۈن قوناق دانلىرى تېخى ئېسىلمىدى (كۆپمىدى)، سۈتتىن قايماق سۈزۈلۈپ بولدى. يېيىلىش ئۈچۈن ئىككىسى بىللە پىشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى»㉘؛ «قايۇقلاندى ـ قايماقلاندى. سۈت قايۇقلاندى ـ سۈت قايماق تۇتتى (قايۇقلانۇر ـ قايۇقلانماق)»㉙.

ياقرى ـ ئىچ ماي.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

پىشرىلۇر ياقرى قىياق
توشقۇرۇر يوغرى چاناق

«ئىچ ماي، قايماقلار ئېرىتىلىدۇ،
قاچا ـ ئاياقلار توشقۇزۇلىدۇ».

ئىچ ماي، قايماقلار ئېرىتىلىدۇ، قاچا ـ ئاياقلار توشقۇزۇلىدۇ»㉚. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بۇ خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى شىۋىلىرىدە «قايماق» سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسەن ئوخشاش. قايماقمۇ سۈتكە ئوخشاش بۇرۇندىن تارتىپلا كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنگەن. قايماقنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ئىششىق ياندۇرۇش، يۈتەلنى يوقىتىپ، ئاۋازنى ياخشىلاشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. قايماق ئۇيغۇرلاردا ھەر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق» دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان.

3) قىمىز ـ ئات ياكى تۆگە سۈتىنى ئېچىتىپ ئىشلەنگەن، كەيىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خىل ئىچىملىك بولۇپ، قىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قۇمۇز» دېيىلگەن. قىمىز تۈركىي تىللىق قوۋملاردا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ئىچىملىك ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق مەلۇماتلارنى قالدۇرىدۇ: «قىمىز ـ قىمىز. تۇلۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى. قىمىز ئالمىلا ـ قىمىز ئالما، بىر خىل ئاچچىق ـ چۈچۈك ئالما»㉛؛ «قىمىزلاندى ـ قىمىزلىق بولدى. ئەر قىمىزلاندى ـ ئادەم قىمىزلىق بولدى. قىمىز ـ ئېچىتىلغان بايتال سۈتى (قىمىزلانۇر ـ قىمىزلانماق)»㉜؛ «قالتۇق ـ ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزى. ئىچى ئويۇلۇپ قىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىشكە ئىشلىتىلىدۇ»㉝. بۇ باياناتلاردىن ئەينى دەۋرلەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا قىمىزنىڭ كۆپ ياسىلىدىغانلىقى ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن باشقا يەنە خەنزۇچە تارىخنامىلەردىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئات سۈتىدىن مەي ياسايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن: «تۈركلەر يىلقىچى، تۈركلەردىكى مەيمۇ ئات سۈتىدىن ئىشلىنەتتى، يەنى ‹تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى› نىڭ 196 ـ جىلدىدا ئېيتىلغاندەك ‹ئات سۈتىنى مەلۇم تەرتىپتە ئېچىتقاندىن كېيىن ئاندىن مەي قىلىپ ئىچكىلى بولىدۇ›.... ئاتنىڭ دەسلەپكى سۈتىنى كۈندۈزلىرى تايچاق ئېمىدۇ، كېچىلىرى سېغىلغان سۈتنى چەككىلەپ سۈزگەندىن كېيىن، تۇلۇمغا تۆكۈپ بىر نەچچە ۋاخ قويۇپ قويسا كۆپۈشۈپ ئاچچىق ـ چۈچۈك تەمگە كىرىدۇ. بۇنى ئىچىشكە بولىدۇ، ئۇلار بۇنى قىمىز، دەپ ئاتايدۇ»㉞. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، قىمىزغا ئوخشاش ئادەمنى مەست، كەيىپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەر چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قىمىز يەنىلا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنمەكتە.

4) سۈزمە ـ ماتا ياكى خەسە خالتىغا قاچىلاپ ئېسىپ قويۇلغان قېتىقنىڭ سۈيى ساقىپ بولغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات بولۇپ، سۈزمىمۇ «تۈركىي تىللار

2009.5

دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان. «سۈزمە - سۈزمە. قېتىق سۈزمىسى»㉟؛ سۈزمىنى ئادەتتە «سۈسىزلاندۇرۇلغان قېتىق» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. سۈزمىنى ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا سۇ قويۇپ سۇيۇلدۇرسىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئاشقازان، بۆرەك ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولى بار.

5) قۇرۇت — قوي، ئۆچكە ياكى كالا سۈتىنى ئۇيۇتۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ياكى سۈزمىنى ھەر خىل شەكىلدە سىقىملاپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلغان بىر خىل يېمەكلىك. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قۇرۇت ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار: «قۇرۇت - قۇرۇت. سۈتتىن ئىشلەنگەن قۇرۇت»㊱؛ «قۇرۇتلۇغ - قۇرۇتلۇغ كىشى - قۇرۇتلۇق كىشى، (يېيدىغان) قۇرۇتى بار كىشى. بۇ ئەرەبچىدىكى ‹خورمىسى ۋە سۈتى بار ئادەم› دېگەنگە ئوخشاش»㊲؛ «سوغدى - سوغۇرت ئالدى؛ قۇرۇت ئالدى. ئۇل قويدان قۇرۇت سوغدى - ئۇ قوي (سۈتى) دىن قۇرۇت ئالدى (سوغار - سوغماق). بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «سوغۇردى - سوغۇرت ئالدى» دۇر »㊳؛ «قۇرۇتسادى - قۇرۇتسىرىدى، قۇرۇت يېگۈسى كەلدى. ئەر قۇرۇتسادى - ئادەم قۇرۇتسىرىدى (قۇرۇتسار - قۇرۇتساماق)㊴، «قۇرۇت ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قېتىقتىن بىۋاستە ياسىلىدۇ. بۇ ‹قايماقلىق قۇرۇت› دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، ماسكا يېغى ئايرىۋېلىنغان دوغاپتىن ياسىلىدۇ. بۇ ‹ئايران قۇرۇت› دېيىلىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى داۋالايدۇ»㊵. قۇرۇتنى ھازىر شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدۇ.

6) ئايران — سۈتنى قايىنتىپ ئېچىتقۇ سېلىپ ئېچىتقان سۈت مەھسۇلاتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئايران - ئايران، قېتىق»㊶ دەپ خاتىرىلەنگەن. «دىۋان» دا يەنە «سوغۇت - سوغۇت. قېتىق پىشلىقى. قارلۇقچە» ㊷ دېيىلگەن. مەيلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بايانلار بولسۇن، مەيلى بۈگۈنكى كۈندىكى سۈت مەھسۇلاتلىرى كەسپىدە بولسۇن ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئىستېمال قىممىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**5. سۈت قوشۇپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر**

سۈتنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇرلاردا بىز تىلغا ئالغان سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال قىلىنغاندىن سىرت، يەنە سۈت ھەر خىل يېمەكلىكلەرگە خۇرۇچ قىلىنىدۇ ۋە تاماقلارغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «كۆرشەك - سۆكنى سۇ ياكى سۈتتە قايناتىپ، ئۈستىگە ياغ قويۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق»㊸؛ «تاغنا - تاغنا ياۋا كاسىنى دەرىخىنىڭ پوستى. بەزى كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ؛ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيۇقاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۈزۈلىدۇ»㊹؛ «سىم - سىم سىمىراق - بىر خىل تاماق. باش پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغرىلىپ، دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ، سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. چېكىلچە»㊺؛ «بۇخسى - بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قايىنتىپ ئېلىنغان بۇغدايىنىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قويۇپ، شۇ پېتى ئېچىتىلىدۇ. تەييار بولغاندا بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ»㊻. گەرچە «كۆرشەك، سىم، بۇخسى» دېيىلىدىغان سۈت ۋە قېتىق قوشۇپ تەييارلىنىدىغان تاماقلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندىكى يېمەك - ئىچمەك ئىستېماللىرىمىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن سۈت ۋە قېتىق قوشۇلغان يېمەكلىكلىرىمىز بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە ھەر خىل نان - توقاچلارغا سۈت قوشىدۇ. ئادەتتە مەخسۇس سۈت نان دېيىلىدىغان نانلار بار. سەپەر ئۈچۈن يېقىلىدىغان نانلارغا ناننىڭ بەك قېتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەلۇم نىسبەتتە سۈت قوشۇلىدۇ. پەقەت گۆرۈچ بىلەنلا ئېتىلىدىغان «سۈت ئاش» دېيىلىدىغان بىر خىل تاماقمۇ بار.

ئىرىمچىك — سۈتتىن ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك، سۈتنى ئۇتتا ئىللىتىپ، ئۇنىڭغا قېتىق قوشۇپ قايناتىپ، سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى. ئۇ قىزىل ئىرىمچىك ۋە ئاق ئىرىمچىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

MIRAS

ئەتكەن چاي ـ ئەتكەن چاي ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىنى مەركەز قىلغان شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان ئىچىملىكى بولۇپ، ئادەتتە ئەتكەن چاينىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: چەينەككە مۇۋاپىق مىقداردا خىش چاي (قارا چاي) ۋە تۇز سېلىنىدۇ، يېرىم چەينەك سۇ قۇيۇلىدۇ. چاينى يېرىم سائەت ئەتراپىدا بىر خىل ھالەتتە قايناتقاندىن كېيىن، مۇۋاپىق نىسبەتتە سۈت قۇيۇپ يەنە بىر قاينىتىۋەتكەندىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

**6. سۈت ۋە سۈتلۈك يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت پەرھىزلەر**

سۈتكە ئائىت پەرھىزلەر ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ پەرھىزلەر كۆپىنچە ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا «ئىزئۇق» دەپ ئاتىلىدىغان ماللار بولغان. ئادەتتە بۇنداق ماللارنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئىزئۇق ـ قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىق نەرسە. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال ‹ئىزئۇق› دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ»[47] دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەتتە «ئىزئۇق» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن ماللارنىڭ سۈتىنى سېغىشتىن پەرھىز قىلىنغان. ئەگەر سېغىلسا قۇت ـ بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دەپ قارالغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە بولۇپمۇ ھايۋاناتلاردىن ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلىرىگە قارىتا ھالال ـ ھاراملىق چۈشەنچىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغان ھارام ھايۋانلارنىڭ ۋە گەندە يەپ سالغان ھالال ھايۋاننىڭ سۈتى ھەمدە ئادەم سۈتى (ئېمىش مەزگىلىدە تۇرغان بوۋاقلار چەكلەنمەيدۇ) قاتارلىق سۈتلەرنى ئىچىشتىن قەتئىي پەرھىز قىلىدىغان ئادەت شەكىللەندى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ گۆشىنى يېمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتىنىمۇ ئىستېمال قىلمايتتى. شۇنىمۇ ئېيتىماي بولمايدۇكى، ئۇيغۇرلاردا بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھارام ھايۋانلارنىڭ سۈتىمۇ بەلگىلىك مىقداردا ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللار بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە سۈتنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچمەسلىك، پۈۋلەپ ئىچمەسلىك، ئاچ قورساق ئىچمەسلىك... دېگەندەك پەرھىزلىك قاراش ۋە چۈشەنچىلەرمۇ بار. بۇ قاراشلارنىڭ بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قېتىق ئىچكەندە پاكىز ئىچمىگەن كىشىنىڭ تويىدا قار ياغىدۇ، دەپ جورۇيدىغان ئادەت بار. شۇڭا قېتىق ئىچكەندە قاچىدا ئازراق قېتىق يۇقىنىمۇ قالدۇرماي ناھايىتى پاكىز ئىچىلىدۇ.

**7. ئۇيغۇرلاردا سۈت ـ قېتىقچىلىق كەسپىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوللىرى**

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭىچە ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بەزى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن قول ئۈزۈپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە سانائەت جەمئىيىتىگە قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، سۈتچىلىك پەقەت مال ـ چارۋا باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنىلا قامدايدىغان ناتۇرال ھالەتتىن تەدرىجىي كەسپلىشىشكە، كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۈتچىلىك بىر ئەنئەنىۋى كەسپلەرنىڭ بىرى. بۇرۇندىن تارتىپ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۆز مەھەللىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ سۈتلىرىنى سېتىۋېلىپ شەھەر ـ بازارلارغا ئېلىپ كىرىپ ساتىدىغان، يەنى مەخسۇس سۈتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولغان. شىمالىي شىنجاڭ رايونى چارۋىچىلىق جەھەتتە سۈيى ئەلۋەك بولۇش ۋە كەڭرى يايلاقلارغا ئىگە بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى بىلەن سۈتچىلىك كەسپى ۋە سۈت ئىستېمالدا ئۆزىگە خاس كەسپ تۈرلىرى ۋە ئىستېمال ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى سۈتنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدۇ. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەممە مىللەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۈت ۋە باشقا سۈت مەھسۇلاتلىرىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭغا ئائىت بەلگىلىك ئىستېمال ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ

سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، سۈتنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش دەرىجىسى ۋە ۋاقتىدا بەزى پەرقلەر ساقلانغان. ئۇيغۇرلاردا سۈت ـ قېتىقچىلىق ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك يوللىرى بولۇشى مۇمكىن:

(1) چارۋىچىلىق كەسپىنى يۈكسەلدۈرۈش.

چارۋىچىلىق كەسپىنى يۈكسەلدۈرۈش سۈت ۋە قېتىقچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەلۋەتتە سۈتنىڭ مەنبەسى بولغان مال ـ چارۋىلارنىڭ سان ـ سۈپىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شارائىت يار بېرىدىغان رايونلاردا مال ـ چارۋىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ۋە سۈت ئىشلەش مىقدارىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىق ئىشلەپ چىقىرىشى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئوت ـ چۆپ ۋە يەم ـ خەشەكلەر يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىمۇ مال ـ چارۋا باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

(2) سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى كۆلەملەشتۈرۈش ۋە مەلۇم ماركا بىلەن تاۋارلاشتۇرۇش.

سۈت، قېتىقچىلىق ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن كەسىپلەر بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ كەسىپنى كۆلەملەشتۈرۈش، سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى مەلۇم ماركا بىلەن تاۋارلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم.

(3) سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بىلەن يانداشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى يامان ئەمەس ھالەتتە داۋام ئەتمەكتە. شۇڭا، ئاشخانىلاردا سۈت قوشۇلغان تاماق تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، سۈت ۋە سۈت يېمەكلىكلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىشقا ماس كېلىدىغان تاماقلار ئۈچۈن خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ سۈت، قېتىق ۋە باشقا سۈتلۈك يېمەكلىكلەرنى سەپلەپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق سۈتچىلىك ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى كەسپىنى روناق تاپقۇزغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، سۈت ـ قېتىقچىلىق ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە پايدىسى زور. كىشىلەرنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك بولۇشى ياشاش مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن سىرت، يەنە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، ئەقلىي ۋە ئىلمىي بولغان سۈت ۋە سۈت يېمەكلىكلىرى ئىستېمال ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش مىللىتىمىزنىڭ تەن ساپاسى ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاشقا تولىمۇ پايدىلىق، ئەلۋەتتە. سۈت كالتىسىي تولۇقلايدۇ، شۇڭا باللارغا كالتىسىي تولۇقلايدىغان دورىلارنى ئېلىپ بەرگەندىن كۆرە ساپ، تەبىئىي سۈتلەرنى ئېلىپ بەرگەن ياخشىراق.

---

ئىزاھات:

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 101 ـ بەت.

② ئەنۋەر سەمەت، زۆلپىيە مۇھەممەت: «ئۇيغۇر گىلەمچىلىك تارىخى ھەققىدە تەھلىل»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، يىل 6 ـ سان، 23 ـ بەتتىكى نەقىلدىن.

③ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 538 ـ بەت.

④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قوتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 919 ـ بەت.

⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩، ⑪، ⑫، ⑬، ⑭، ⑮، ⑯، ⑰، ⑳، ㉑، ㉒، ㉓، ㉔، ㉕، ㉖، ㉗، ㉘، ㉙، ㉚، ㉛، ㉜، ㉝، ㉟، ㊱، ㊲، ㊳، ㊴، ㊶، ㊷، ㊸، ㊹، ㊺، ㊻، ㊼.

⑱ مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە [مىسىر] (مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى): «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋەقەستەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 267 ـ، 268 ـ بەتلەر.

⑲، ㊵ مۇھەممەتئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 115 ـ، 116 ـ بەتلەر.

㉞ سەي خۇڭشېڭ (قۇربان تۇران تەرجىمىسى): «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ نەشرى، 336 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

رەيھانگۈل كېۋىر

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى ژۇرنال تۈرىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشى نەتىجىسىدە تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ مۇھەررىرلەر قوشۇنى يەنىمۇ زورايدى. بولۇپمۇ بۇ سەپكە يىلمۇ ـ يىل ياش مۇھەررىرلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۇھەررىرلەر قوشۇنىغا يېڭى قان ۋە ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇلدى.

بىزگە مەلۇمكى، 21 ـ ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئۇچۇر دەۋرى، شۇنداقلا كۈچلۈك رىقابەت دەۋرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، ژۇرنالچىلىقتا داڭلىق ماركا قارىشىنى تۇرغۇزۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلاندى. مەن تۆۋەندە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

تەھرىرلىك ھەم شەرەپلىك، ھەم جاپالىق خىزمەت. تەھرىرلىك يەنە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مۇھەررىرلەر بولسا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «نامسىز قەھرىمان»لاردۇر. چۈنكى ئۇلار يېزىلغان، مىڭلىغان ئاپتورلار ئەۋەتكەن سان ـ ساناقسىز ئەسەرلەر ئىچىدىن ئەڭ يارامىلىقلىرىنى تاللاپ چىقىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن «تاللانغان» ئەسەرلەر ئۈستىدىن قايتا ـ قايتا ئىشلەپ، نەشرىيات ئۆلچىمىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىلاردۇر. مۇشۇ مەنىدىن بىر نادىر ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاپتور يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغاندىن سىرت، مۇھەررىرلەرنىڭمۇ قان ـ تەرى سىڭگەن بولىدۇ.

ئادەتتە مۇھەررىرلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، كەسپىي ساپاسى، ئىدىيە، دۇنيا قارىشى، ئەخلاق قارىشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى پەرقىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى ژۇرنالچىلىق خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىش ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماس يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلىنىشىگە خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن رەھبەرلىك ھەر بىر مۇھەررىرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، كەسپىي ساپاسى، ئىدىيە، دۇنيا قارىشى، ئەخلاق چۈشەنچىسى، شۇنداقلا ساغلاملىق ئەھۋالى توغرىسىدا ئېنىق ھەم ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. كىمنىڭ قايسى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغانلىقى، قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىيەلەيدىغان-ئىشلىيەلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولسا نۇقتىلىق تەربىيىلەش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، كەسپىي ئۆگىنىش كۆنى يېتەكلەش قاتارلىق خىلمۇ خىل يول، ئۇسۇللار بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىك سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. رەھبەرلىك مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە قانچە كۆپ ئەھمىيەت بەرسە، ژۇرنالچىلىق ئىشلىرى شۇنچە تېز يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزىدە ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش روھى بولمىسا، تونۇرنىڭ سىرتىدىن ئوت قالاپ نان پىشۇرغىلى بولمىغاندەك، ئىقتىدارلىق مۇھەررىرلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ئانا تىلنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرىدۇر. ئۇلار ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش تىنىمسىز، جاپالىق ئىشلەپ ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتقۇچىلاردۇر. مۇھەررىرلىك خىزمىتى ھەقىقەتەن جاپالىق خىزمەت، ئەمما ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۇزۇر ھالاۋىتى بار. بىر مۇھەررىر ئۆزى تاللاپ، تەھرىرلىك ھالقىلىرىنى پىششىق ئىشلەپ، ژۇرنال يۈزىدە ئېلان قىلغان، ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئەسەردىن ئاپتوردىن بەكرەك زوقلىنىدۇ، پەزىلەتلىك ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇھەررىرلەرنىڭ ئەمگىكىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادەتتە ھەر بىر مۇھەررىردە بىرىنچىدىن، ئۆز كەسپىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇش روھى ۋە بارلىقىنى ئۆز كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاتاش پىداكارلىقى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مۇھەررىرلەر ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالنىڭ ھەر خىل كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئاپتورلىرى ئەۋەتكەن ئەسەرلەرنى تەھرىرلەپلا قالماستىن، بەلكى نۇقتىلىق ئاپتورلارغا ئەسەر ـ ماقالە ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئەسەرنى چۈشەنگەندەك، ياخشى ئەسەرلەرنى بايقاپ چىققۇدەك دىت بولمىسا، ئاپتورلارنىڭ مىڭبىر ئارزۇدا جاپالىق ئەمگەك قىلىپ يېزىپ چىققان ئەسىرى كېرەكسىز قەغەز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىش تەقدىرىگە دۇچار بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تەكرارلىنىۋەرسە، قابىل ئاپتورلار بارا ـ بارا ژۇرنال ئەتراپىدىن يىراقلاپ، ئەسەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان مۇھەررىرلەر توپلاشقان ژۇرناللارغا ئەسەر ئەۋەتىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. مۇھەررىرلەر ئانا تىل ۋە ئۇنىڭ گراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن سىرت، يەنە ئاز بولغاندىمۇ بىر ـ ئىككى خىل تىلنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ خىل ساھە بويىچە بىلىم جۇغلاش، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ماتېرىيال كۆرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم، مۇشۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغاندىلا، مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە دەسلەپكى ئاساس تۇرغۇزالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇھەررىرلەردە خىزمەت، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش روھى بولۇشى كېرەك.

دېھقانلار يەرگە ئالىلىق قىلسا ئاچ قالغاندەك، مۇھەررىرلەر ئەسەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا نوپۇز تىكلىيەلمەيدۇ. ئاپتورلار ئۆمۈر بويى مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارغۇچىلار بولسا، مۇھەررىرلەر مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئەڭ ياراملىق، ئەڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئانا تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ۋە يېزىقچىلىق ئىلمي قائىدىلىرى بويىچە چىرايلىق بېزەپ، مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار بەزى ھاللاردا دەۋر ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى ئۈستىدىمۇ زۆرۈر بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. مۇھەررىرلەر جەمئىيەتكە ئاشكارا تارقىلىش ئالدىدىكى نەشر بۇيۇمىغا نىسبەتەن ئومۇمي جەھەتتىن يېتەكلىق يارىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، خىزمەتتە قىلچىمۇ بىپەرۋالىق، «كەڭ قولۇق» قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، جەمئىيەتكە يامراپ كەتكەن خاتا، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى تازىلاش بەك قىيىن، مۇشۇ مەنىدىن مۇھەررىرلىك قانداقتۇر ئالدىغا كەلگەن تەييار ئەسەرنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، بوياپ چىقىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئاددىي خىزمەت ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيتى، جاۋابكارلىقى بار ئەڭ ئېغىر خىزمەت. شۇڭا بىر مۇھەررىرنىڭ ئۆمۈرلۈك شان ـ شەرىپىنى بىر قېتىملىق بىخەستەلىكىدىن كېلىپ چىققان خاتالىقى يوق قىلىۋېتەلەيدۇ. پارتىيىمىز ئىناق جەمئىيەت تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى يەنىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم، بەختىيار بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سوتسىيالىستىك ئەخلاق قارىشىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە تېخىمۇ ئىناق، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىق نۇرى قاپلىغان بەختىيار تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ، ھاللىق جەمئىيەتكە قاراپ قەدەم تاشلاشقا چاقىردى. مۇھەررىرلەر ئىدىيە-تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاممىنى توغرا جامائەت پىكرىگە يېتەكلىگۈچىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن خىزمەتكە ھەر دائىم ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇشى لازىم.

مۇھەررىرلەر ئەسەر تاللاش ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىي ئەخلاقتا باشتىن-ئاخىر ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئىمكانقەدەر تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كېلىپ قالغان، مىڭ ئىشلىسىمۇ نەشرىيات ئۆلچىمىگە يەتكۈزگىلى بولمايدىغان، ئېلان قىلمىسا ئۈزلۈكسىز سۈرۈشتۈرۈش ۋە تېلېفوندىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان «ئادەمگەرچىلىك ماقالىلىرى»نى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى، دادىللىق بىلەن ئوچۇق پىكرىنى يېزىپ، ئەسەرنى قالدۇرۇپ قويۇش ۋە بەلگىلىك قىممىتى بار ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، سۈپەتسىز ئەسەر ئالدى بىلەن مۇھەررىرنىڭ، ئاندىن ژۇرنالنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈۋېتىدۇ. ئوقۇرمەنلەردە ژۇرنالغا ۋە مۇھەررىرلەرگە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئادەمگە، يىراق-يېقىنلىق مۇناسىۋەتكە ئەمەس، ئەسەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ھەر بىر مۇھەررىر ئۆزى ۋە ژۇرنالنىڭ ئوبرازىنى قوغداپ قالالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مۇھەررىرلەر ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

ئادەتتە ژۇرنالدا ئەسەر ئېلان قىلغان ھەرقانداق ئاپتور ئەسەر «ئىشلەپ چىقارغۇچى» بولسا، ھەر بىر مۇھەررىر ژۇرنال ئىشلەپ چىقارغۇچىدۇر. ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇن دائىرىسىگە ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەر ۋە تەھرىرلىك سەنئىتىگە ئائىت بىلىم بولغاندىن سىرت، يەنە نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئەسەرنى تەھرىرلەش جەريانى — قالايمىقان ئۆزگەرتىش، خالىغانچە قىسقارتىش جەريانى ئەمەس. ئەسەرنىڭ ئىدىيە قىممىتى، ئىجتىمائىي قىممىتى، ئۇچۇر قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى قاتارلىق بىر قانچە خىل قىممىتىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلىگەن مۇھەررىرلەر ئەسەرگە تەھرىر ئىلاۋىسى بېرىپلا قالماي، يەنە تەھرىرلەش داۋامىدا مەلۇم مەزمۇنلارنى باش تېما ئىدىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە قوشۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەنىمۇ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئەسەرنىڭ ئارتۇقچە ھەم تەكرار جايلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قىسقارتىپ، ھالسىز، ئۇزۇن، زېرىكىشلىك بولۇش تەقدىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. مۇھەررىرلەر يەنە كومپيۇتېر بىلىملىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىشى، بەلگىلىك چەت ئەل تىلى ۋە دۆلەت تىلى سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى مۇھەررىرلەر ئىناق بولغان «مۇھەررىر ـ ئاپتور ـ ئوقۇرمەنلەر» مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەر بىر ئەسەر پەقەت ۋە پەقەت ئوقۇرمەن بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىلا، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى پەيدا قىلالايدۇ.

مۇھەررىرلەر كەڭ قورساق، چىقىشقاق، يىراقنى كۆرەر بولسا ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك ساداسى، پىكىر ـ تەلەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ژۇرنالنى ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ھەتتا بىر قىسىم سەھىپىلەرنى ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن تەڭ باشقۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئەنگلىيىلىك ئالىم، پەن ـ تېخنىكا تارىخچىسى جامېس مارتىننىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ پەننىي بىلىملىرى 19 ـ ئەسىردە ھەر 50 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيگەن بولسا، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ھەر 15 يىلدا بىر ھەسسە، 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ھەر بەش يىلدا بىر ھەسسە كۆپىيىشكە باشلىغان، 21 ـ ئەسىردە بولسا ھەر ئىككى ـ ئۈچ يىلدا بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيمەكتە. مۇشۇ مەنىدىن بىز چەكسىز بىلىم دېڭىزى ئىچىدە ئۈزۈپ ياشاۋاتىمىز. مۇھەررىرلەر زامانىمىزنىڭ ئەڭ ماھىر، ئەڭ يۈرەكلىك غەۋۋاسلىرىغا ئايلانسا، دېڭىزنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇپ، ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالنى ئەڭ ئېسىل ئۈنچە ـ مارجان، جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەپ، كۆزنى چاقنىتىپ، ئەقىلنى لال قىلالايدىغان، ئۇزاققىچە قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان نەشر بۇيۇمىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

مۇھەررىرلەر ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ئۇستىلىرى، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىرىدىن بولۇشقا تىرىشىشى لازىم. ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك قەلىمىدىن ئۆتكەن ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆز مەنتىققە ئىگە، تىل ـ گرامماتىكا قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا شۇ مىللەتنىڭ تىل، مەدەنىيەت ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولۇشى كېرەك.

مۇھەررىرلەر ئۆزى ئىشلەۋاتقان بىرلا ژۇرنال ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئونلىغان، يۈزلىگەن ژۇرنالنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، جانلىق خىزمەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرسىلا ئۆز كەسپىدە يېڭىلىق يارىتالايدۇ.

(ئاپتور: «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# بىر جۈپ ئارتۇق كۆز

فاڭ رۇي

بىز شىنجاڭغا سەپەر قىلىشىنىڭ ئالدىدا ھەم شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن چاغدا، ۋاڭ مېڭ ماڭا قايتا ـ قايتا: «تۇرمۇشقا چۆكۈش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىچ ـ قويۇن ـ تاشقويۇن بولۇش، ئۇلارنى ھەقىقىي بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش كېرەك، تىل بىلگەندىلا ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا بىر جۈپ ئارتۇق كۆزگە، بىر جۈپ ئارتۇق قۇلاققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ...» دەيتتى. بۇ ئۇنىڭ شوئارى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ھەۋىسى ۋە ھەرىكىتى ئىدى.

ۋاڭ مېڭنىڭ تەرجىمانلىق قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى شۇنداق راۋان ئوقۇغانلىقىنى ھەممە ھەرقايسى قاتلاملاردىكى زاتلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق بىمال سۆزلەشكەنلىكلىرىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى خەنزۇ يولداشلار: «سىز ئۇيغۇر تىلىنى نېمانداق تېز ئۆگىنىۋالدىڭىز ؟ بۇ تالانتقا باغلىققۇ دەيمەن، بىز نېمانداق ئۆگىنەلمەيمىز»، دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.

مېنىڭ بايقىشىمچە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋىسى بەك كۈچلۈك ئىدى ھەم ئۆزىمۇ بەك تەرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ ئولتۇرغان ـ قوپقان يەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆگىنىپ ماڭدى. ئۇ چاغدا رادىئودا ئوقۇتىدىغان ئىشلار ۋە ماتېرىياللار يوق ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئاڭلىغان، كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ ماڭدى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدە، قېرى ـ ياش، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۇستازىغا ئايلاندى. ئۆي ئىگىسى ــ چوڭ ئاپىمىزنىڭ سەككىز ـ توققۇز ياشلىق نەۋرىسى رەخىمە ۋاڭ مېڭنىڭ «كىچىك ئۇستازى»غا ئايلانغان ئىدى، رەخىمەنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچىلىك ئېنىق ئىدى، ناھايىتى ئۆلچەملىك سۆزلەيتتى. بۇ قىز ۋاڭ مېڭغا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، قايتا ـ قايتا سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىتەتتى، ھارماي ۋاڭ مېڭنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئىنتوناتسىيىسىنى توغرىلاپ ماڭاتتى. ۋاڭ مېڭ ھەر كۈنى يېتىشتىن ئىلگىرى 30 تال خام سۆز يادلايتتى. ئۇ، مۇشۇنداق قىلسام ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالالايمەن دەپ قارايتتى. ئۇ يېرىم كېچىلەردە چۈشەكەپ، چۈشىدە خام سۆز يادلاپ ۋارقىراپ مېنى ئويغىتىۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتكەنچە تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمايتتىم.

كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، ھەممە ئادەمدىن ماۋجۇشىنىڭ ئۈچ پارچە ئەسىرى بىلەن «ئۈزۈندە»لىرىنى يادلاش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىزىل گۆھەر كىتاب» لارنى يادلاشقا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھەم يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەتتى، ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىگە پايدىلىق ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا «بېتيونى ئەسلەيمىز» دېگەن ئەسەرنى ئۇنلۇك دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندا بىر

www.uyghurkitap.com



چوڭ ياشتىكى ھەدىمىز ئاڭلاپ، ئۇنى رادىئو ئىستانىسىسىنىڭ دىكتورىمىكىن دەپ قالغان.

ۋاڭ مىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىشلىتىش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلاتتى ھەم چاقچاق قىلىپ، ئۆزىنىڭ سەككىز تال خام سۆز ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئون تال خام سۆزنى ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى دەيتتى. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە تەرجىمان بولدى، كىشىلەر بىر تەرەپتىن سۆزلىسە، ئۇ بىر جەھەتتىن تەرجىمە قىلاتتى، ئۇ سۆزلىگۈچى بىلەن تەڭ تەرجىمە قىلىپ ماڭاتتى. كېيىن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر يولداشلار يىغىن ئېچىپ پىكىر بايان قىلماقچى بولسا، ھەممەيلەن ئۇنى تەرجىمانلىققا چاقىراتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۆزىمىزنى ۋاڭ مىڭ تەرجىمە قىلىپ بەرسە بىزنىڭ ئوي-پىكىر، مۇددىئا-مەقسەتلىرىمىزنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، بۇنى خەنزۇ يولداشلار تېز قوبۇل قىلالايدۇ، دەپ قارايتتى. 1984-يىلى ۋاڭ مىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە زىيارەتكە چىقىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلاشتى. ۋاڭ مىڭنىڭ گېپى بويىچە ئېيتسام، ئۇيغۇرتىلى بىلەن ئۆزبېك تىلى خۇددى بېيجىڭ تەلەپپۇزى بىلەن تيەنجىن تەلەپپۇزىغا ئوخشاش شۇنداق يېقىن كېلىدۇ، شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا يەرلىكتىكى ئۆزبېك قېرىنداشلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشالىغان، ھەتتا تاشكەنت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مەسىلىلەرگە ئۇيغۇر تىلىدا جاۋاب بەرگەن، شۇ جايدىكى بىر ساياھەت يېتەكچىسى ئىنگلىز تىلىدا ۋاڭ مىڭغا: «مەن بىر چەت ئەللىكنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزغا بۇنچىۋالا پىششىق ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن» دېگەن، بۇ چاغدا ۋاڭ مىڭ كۆرەڭلەپ قىن-قىنىغا پاتماي قالغان.

ۋاڭ مىڭ دېمىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىدى ھەم بۇنى دائىم كۆز-كۆز قىلاتتى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان پۇرسەتلا بولسا ئۇنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. بېيجىڭغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان پۇرسەتلەر ئازلاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مەيلى كوچىلاردا بولسۇن ياكى سودا-سارايلاردا بولسۇن، ئۇيغۇرلارنى ئۇچراتسىلا، بىر نەچچە ئېغىز ئۇيغۇرچە سۆزلىشىۋېلىپ خۇمارىنى باساتتى. كېيىن ئۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنگە قەدەر، يەنىلا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغانغا شارائىت يارىتىپ تۇردى. بىر قېتىم ئۇ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن شىزاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. يولداش ئىسمائىل ئەھمەد خەنزۇچە سۆزلەيدىغانغا تەمشەلگەندە، ۋاڭ مىڭ ئۇنى ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ تىلىدا سۆزلەڭ دەپ تۇسۇپ، ئۆزى نەق مەيداندا تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. مەيداندا ئولتۇرغان شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر مەسئۇلى چاقچاق قىلىپ، ۋاڭ مىڭ كېيىنكى قېتىم «خاتالىق ئۆتكۈزۈپ» سۈرگۈن قىلىنىپ قالسا، بىز قەتئىي تەلەپ قىلىپ ئۇنى شىزاڭغا ئەكىتىمىز، زاڭزۇ تىلىنى بىلىدىغان مىنىستىر (يازغۇچى)دىن بىرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز، دېگەن. بۇمۇ بىر ياخشى مەسلىھەت بوپتىكەن، بىراق ۋاڭ مىڭ يازغۇچى بولۇشنى تاللىدى.

ھېلىقى بىمەنە، ئەسەبىي يىللاردا، ۋاڭ مىڭنىڭ ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش روھىنى تارتىۋالالمىدى، ئۇنىڭ يېرىم كېچىلەردە چۆشەكەپ ئۇيغۇرچە سۆزلەش ئادىتىنى تارتىۋالالمىدى. ئۇ: «ئەسەر يازالمىسام، تەرجىمە قىلسام بولىدۇ، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ يول قويمىسا، ساتىراشلىق قىلسام بولىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ يول قويۇشمىسا، ئۇيغۇرلاردىن ئەل-ئاغىنە تۇتسام بولىدۇ...» دەيتتى، ئىشقىلىپ ئۇ ياشاش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق تىرىشاتتى.

ئون يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۇ قەدىرلىك قەلىمىنى بىر چەتكە پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ يانچۇقىغا، سومكىسىغا قەتئىي قەلەم سالمىدى. بىرەر ماتېرىيال يېزىشقا، جەدۋەلگە ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى تولدۇرۇشقا توغرا كەلگەندە باللارنىڭ قەلىمىنى ئېلىپ ئىشلىتەتتى. «يازمايمەن، يازمايمەن» دېگەن گەپنى ئۇ ھەمىشە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئۇ ھەتتا يېنىدا قەلىمى يوقلۇقىدىن پەخىرلىنەتتى، ئۆزىنى مەسخىرە قىلاتتى، ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلاتتى، ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى.

(بۇ ماقالە «ۋاڭ مىڭ ئەپەندى بىلەن بىللە» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى)

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ۋاڭ مىڭنىڭ ئايالى بولىدۇ)

**شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى**



# ئەقىللىق شاھزادە

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ مەرد ۋە سېخىي كىشى ئىكەن. ئالدىغا كىرگەن ھەرقانداق ھاجەتمەن كىشىنى قۇرۇق قول ياندۇرمايدىكەن. شەھىرى گۈزەل، بازىرى ئاۋات، مەنزىرىسى چىرايلىق، سۈيى سۈزۈك ئىكەن. شۇڭا بۇ ئەلنىڭ خەلقلىرى باي ئىكەن، تىلەمچىلىك، ئوغرىلىق دېگەننى ئۇقمايدىكەن. شۇڭا پادىشاھنىڭ غېمى يوق، كۆڭلى توق ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق بىر ئوغلى بولۇپ ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك ۋە چىرايلىق ئىكەن. شاھزادىنىڭ كۇلۇشلىرى ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق، گەپ-سۆزلىرى جايىدا ئىكەن. شاھزادە ئون ياشقا كىرگىچە دادىسىنىڭ يېنىدا تەربىيىلىنىپ خەت ساۋاتلىق بولۇپتۇ. 11 يېشىدىن تارتىپ نەيزە سانجىش، قىلىچ چېپىش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق مەشقلەرنى پىششىق ئۆگىنىپ، 18 ياشقا كىرگەندە ناھايىتى باتۇر ئوغلان بولۇپ يېتىلىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش شاھزادىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. نەسىھەت قىلىپ يامان ئىشلاردىن توسايدىكەن. شاھزادە بەك ئەقىللىق بولۇپ، ۋەزىرلەر بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا دائىم ئۇلارنى گەپتە يېڭىۋالىدىكەن. بۇنىڭدىن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ شەھەرنى ئوڭ قول ۋەزىرىگە تاپشۇرۇپ، شاھزادىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى ئېلىپ تاغ، ئورمان، دۆڭلۈك، چىملىق، يايلاق، دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ مېڭىۋېرىپ شەھەردىن ناھايىتى ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئەمما ئوۋ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا شەھەرگە قايتىشنى خالىماپتۇ. بىر كۈنى بىر كېيىك پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كېيىكنى ئېتىشنى شاھزادىگە بۇيرۇپتۇ. شاھزادە ئوقيانى بەللەپ كېيىكنى چەللەپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ. تەقدىر قىسمەتتە شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، ئوق ئۇدۇل بېرىپ ياندا تۇرغان بىر پور دەرەخكە تېگىپ دەرەخنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن شاھزادە

www.uyghurkitap.com





كېيكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئارقىدا قاراپ قاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. لېكىن شاھزادە قايتىپ كەلمەپتۇ. پادىشاھ ئىزدىگىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ھەممىسى تاپالماي قايتىپ كېلىپتۇ. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ شاھزادىنىڭ دېرىكى بولماپتۇ. شاھ ئىچى پۇشقان ھالدا شەھىرىگە قايتىپ ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى:

شاھزادە كېيىكنى قوغلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. شۇ قوغلاپ ماڭغانچە كەچ كىرگىچە قوغلاپتۇ. بىر ئورمانلىققا كەلگەندە كېيىك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شاھزادە يېنىپ كەتمەكچى بوپتۇ ـ يۇ، بىراق، كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن يولنى پەرق ئېتەلمەي، بۇ ئورمانلىقتا قونۇپ ئەتىسى كەتمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچىنى ئورمانلىقتا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بارىگاھقا قايتاي دېسە يولنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ. ئاخىرى كۆڭلى خالىغان بىر تەرەپكە مېڭىپتۇ. يولدىن ئېزىققان شاھزادە كەچ كىرگەندە بىر دۆڭگە چىقىپ قارىسا يېقىنلا يەردە بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئاشۇ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، بۇ شەھەرمۇ ئۆزىنىڭ شەھىرىدىن قېلىشمىغۇدەك چىرايلىق، ئاۋات ۋە گۈزەل ئىكەن. شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى بازىرى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن. شاھزادە شەھەرنى بىر پەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن قورسىقى ئېچىپ، ئوزۇق غېمىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن، يېنىغا پۇل سېلىۋالمىغاچقا ئاش ـ تاماق ئېلىپ يېيەلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى بولماي بۇ شەھەرنىڭ شاھىغا ئەھۋال ئېيتىش مەقسىتىدە ئوردا ئالدىغا بارغان ئىكەن، دەرۋازىۋەن ئۇنى توساپتۇ. شاھزادە:

— بىر شاھزادە سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ دەرۋازا يېنىدا ساقلاپ قالدى دەڭ، — دەپتۇ. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ شاھزادىلەرچە قىياپىتىنى كۆرۈپ گەپ قىلماي كىرىپ كېتىپ ئۆز شاھىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانىكەن، پادىشاھ باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.

شاھزادە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن دەرھال زىياپەت تەييارلاپ شاھزادىنى كۈتۈۋاپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال ئىكەن. نامەلۇم يۇرت شاھزادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بىر كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئامالىنى قىلالماي باغدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، شاھزادىمۇ باغقا سەيلىگە چىقىپ مەلىكە ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ قاپتۇ. مەلىكە بىر چاغدا بېشىنى شۇنداق كۆتۈرگەن ئىكەن، ئالدىدا بىر شاھزادىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— يېڭىلا كەلگەن شاھزادە سىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— ھەئە، سىز شاھنىڭ قىزىمۇ ياكى كېنىزىكىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— مەن پادىشاھنىڭ قىزى، كېنىزەك ئەمەسمەن. مەن باشقىلاردىن سىز توغرۇلۇق بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. بىر كۆرۈشسەم دەپ يۈرەتتىم. بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالدۇق، سىز ماڭا قانداق قىلىپ بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادە دادىسى بىلەن ئوۋغا چىققاندىن تارتىپ دەرۋازىۋەن بىلەن بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرگىچە ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قوشنا مەملىكەتتىن ئاڭلايلى: بىر كۈنى قوشنا مەملىكەتنىڭ شاھى ۋەزىرىگە:

— بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى پادىشاھنىڭ يۇرتىنى ئۆزۈمگە قوشۇۋېلىشنى مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ يۈرۈۋاتىمەن، لېكىن ھېچ ئەيىبىنى تاپالماي يۈرىمەن، قانداق قىلىش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت س. اپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، ئۇ شەھەرگە بىر شاھزادە كەپتىمىش، ئۇ شاھزادە ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئەقىللىق ئىمىش. بىز ئۇنىڭغا ھەممە تەرىپى، ئۇزۇنلۇقىمۇ، توملۇقىمۇ تەڭ بولغان ئۈچ دانە قومۇش كېسىپ ئەۋەتەيلى، قايسى ئۇچى تەرىپى، قايسى ئوتتۇرا تەرىپى ۋە قايسى يىلتىز تەرىپى ئىكەنلىكىنى تېپىپ بېرەلمىسە مۇشۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇرۇش ئېلان قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپ ماقۇل كەپتۇ، بىر تۇپ قومۇشنى تەپمۇتەك ئۇچكە بۆلۈپ، سول قول ۋەزىرىدىن ئەۋەتىپتۇ. سول قول ۋەزىر بېرىپ بۇ ئىشنى قوشنا ئەلنىڭ شاھىغا ئېيتىپتۇ، شاھزادىمۇ بۇنى ئاڭلاپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ «بۇنىڭغا ئۆزۈم جاۋابكار» دەپ قويۇپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى شاھزادە كىرىپ سۇ ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ. سۇنى ئەپكەلگەندىن كېيىن ھېلىقى قومۇشلارنى سۇغا سېپتۇ. بىرىنچى كەسلەم قومۇشنىڭ بىر تەرىپى سۇغا تەگكەن ھامان سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ، ئىككىنچى كەسلەم قومۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپى سۇدىن لەيلەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى كەسلەم قومۇشنىڭ بىر تەرىپى سۇغا چۆكۈپمۇ

كەتمەي لەيلەيمۇ قالماي ئۇتتۇرىدا قاپتۇ. شاھزادە بۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايسى كەسلەمنىڭ قانداق قومۇش ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان بەلگە سىلىپ سول قول ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. سول قول ۋەزىر ئۆز شەھرىگە قايتىپ بىرىپ شاھزادىنى پادىشاھقا ماختاپ بىرىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ يەنە ئوڭ قول ۋەزىرگە مەسلىھەت ساپتۇ:

— بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز بىسمىللاسىدىن مەغلۇپ بولدى، ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟ ۋەزىر:

— پادىشاھى ئالەم، ئەمدى پەقەت بىرلا چارە قالدى. ئۇنى ھېلىقى ئەقىللىق شاھزادىمۇ تەستە ھەل قىلالايدۇ. ئەمدى يېڭى تۇغۇلغان تايچاقتىن ئۈچنى ئەۋەتەيلى ۋە ئۇنىڭ قايسىسىنىڭ چوڭتە، قايسىسىنىڭ ئەتتەگەندە ۋە قايسىسىنىڭ كەچتە تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بىرەلمىسە ئاندىن ئۆز مۇددىئايىمىزغا مۇۋاپىق ئىش قىلىمىز، — دەپتۇ. «بۇمۇ بولىدىغان چارە ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئۈچ تايچاق تەييارلاپ قوشنا ئەل شاھىغا ئەۋەتىپتۇ. شاھزادە يەنە «مەن جاۋابكار» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۈچ ئوقۇر ئەپكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوقۇرنى ئەپكەلگەندىن كېيىن بىرىگە ئارپا، يەنە بىرىگە بۇغداي، يەنە بىرىگە قوناق سېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى نەرسىلەرنى تەييارلىغاندىن كېيىن تايچاقلارنى قويۇپ بېرىپتۇ. تايچاقتىن بىرى ئارپىنى، يەنە بىرى بۇغداينى، يەنە بىرسى قوناقنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئارپا يېگىنى ئەتىگىنى تۇغۇلغىنى، بۇغداي يېگىنى چوڭتە تۇغۇلغىنى، قوناق يېگىنى بولسا كەچتە تۇغۇلغىنى دەپ ئايرىپ، ئۇلارغا بەلگە سالغاندىن كېيىن ئەلچى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ۋەزىر قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئوردا ئەھلىگە بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن، شاھتىن تارتىپ مۇلازىملارغىچە ياقىلىرىنى چىشلەپ شاھزادىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىنىڭ دادىسى تەرەپتىن ئاڭلايمىز:

شاھزادىنىڭ دادىسى ئۇنى ئىزدەپ ھەممە يەرگە ئېلان چىقىرىپتۇ، بۇ ئېلان چاپلانمىغان ھېچبىر يۇرت، سەھرامۇ قالماپتۇ. شۇ ئېلانلارنىڭ بىرسى شاھزادە تۇرۇۋاتقان شەھەرگىمۇ چاپلانغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ خەلقلىرى مۇنداق چىرايلىق ۋە ئەقىللىق ئادەمنى تۆتۈپ بېرىدىمىزمۇ، دەپ شاھزادىگە ئېيتماپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە بازار ئايلانغىلى چىقىپ، ئېلاننى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ گۈزەل يۇرتىنى، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— دادام بۇ شەھەرگىمۇ مېنى ئىزدەش توغرىسىدا ئېلان چىقىرىپتۇ. ئەمدى كەتمىسەم بولمايدۇ، شۇڭا سىلى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، خەيرىخاھلىقلىرىغا رەھمەت. ئىجازەت بولسا قايتسام، — دەپتۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ. پادىشاھ:

— ئەي سۆيۈملۈك بالام، سەن بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ يۇرتنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدىڭ. سېنىڭ ئەقلىڭگە قايىل بولدۇم. مەن تېخى ساڭا قىزىمنى بېرىپ ئۆزۈمگە كۈيئوغۇل قىلىشنى ئويلىۋېدىم، سەن بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ. شاھزادە:

— مەنمۇ مەلىكە بىلەن پۈتۈشۈپ بولغان، سىلىگە ئېيتالماي يۈرەتتىم، سىلىنىڭ بۇ ھىممەتلىرىگە رەھمەت، — دەپتۇ سۆيۈنۈپ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھ، — ئاۋۋال توي ـ ئۇلارنى قىلايلى، ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىش مەسىلىسىنى تويدىن كېيىن ئويلاشساق.

شۇنداق قىلىپ توي باشلىنىپتۇ. شاھزادە دادىسىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شاھزادىنىڭ ئۈچۈرى بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، خەتنى ئەپكەلگەن ئادەمگە كۆپلەپ ئىنئام بېرىپتۇ ۋە خانىشنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىگە مېڭىپتۇ. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تويدىن كېيىن قىزنىڭ ئاتىسى ئۆز پادىشاھلىقىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ كېلىپ، شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يۇزلەنگەن ئاپەت ـ ئۇرۇش يېغلىقىنى قانداقلارچە زېرەكلىك بىلەن توسۇپ قالغىنىنى يىگىتنىڭ ئاتىسىغا ئېيتىپ بېرىپ، ئۆز ئەندىشىنى بايان قىلىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ «ئاجىز كۆرۈپ مۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ» دەپ غەزەپلىنىپ مۇتتەھەم پادىشاھ ئۈستىگە بىرلىكتە لەشكەر تارتىش تەكلىپىنى قويغان ئىكەن، شاھزادە قوشۇلماي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە شاھزادىنى سىناشقا قومۇش، تايچاق ئېلىپ كەلگەن ۋەزىر ئۆز شاھى نامىدىن ناماقۇللۇق نامەسى ۋە تويىنى مۇبارەكلەپ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كېلىپ دوستلۇق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن خۇشال بولۇپتۇ. كېيىنكى زامانلاردا ئۈچ پادىشاھلىق يېقىن ـ ئىناق قوشنىلاردىن بولۇپ ئۆتۈپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكىمۇ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ ئۆمرىنى شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ...

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياھيا ئابدۇللا

توپلىغۇچى: روزى سايىت

(ئاپتور: خوتەن ناھىيىلىك «چۆچەكلەر توپلىمى»دىن ئېلىندى)

# يۇمۇرلار



**دوختۇر ئەپەندىنىڭ خەت تاپشۇرۇۋېلىشى**

بىر تورداش خانقىز ئۆزىنىڭ بىر دوختۇرغا خەت يازغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرۈپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوختۇر خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالماپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا خەت يازغان خانقىز ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، دوختۇر كەسپداشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى تاللىغان بۇ ساھىبجامالنىڭ گۈزەللىكىنى ماختىنىپ سۆزلەپ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىپتۇ.

شۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېلىقى تورداش خانقىزدىن ھېچقانداق ئۇچۇر بولماپتۇ، كەسپداشلىرى دوختۇرغا تەسەللى بېرىپ: — بەزى قىزلارنىڭ توردا جاۋاب خەت يېزىشىنى گويا قورساقتا پەيدا بولغان ھامىلىنى كۈتكەنگە ئوخشاش سەۋر قىلىپ كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ! — دەپتۇ.

ئارىدىن يەنە ئون كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنە سادا بولماپتۇ. كەسپداشلار يەنە ھېلىقى دوختۇرنى بەزلەپ: — بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ، بەلكى ئۇ قىين تۇغۇتقا دۇچ كەلگەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇشمۇ مۇمكىن، — دەپتۇ.

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ خانقىزدىن ھېچقانداق ئۇچۇر بولماپتۇ. ئۆزىگە ئۆزى: — تۇگەشتىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەن ئوخشايدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

**ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىنتىپاقلىشىش**

باللار يەسلىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن نيۇنيۇ يېقىندا سىنىپ باشلىقلىقىغا سايلىنىپتۇ، دادىسى ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ: — نيۇنيۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سىنىپىڭدىكى ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ئوبدان ئىنتىپاقلىشىشىڭ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— قىز ساۋاقداشلىرىم بىلەن چوقۇم ياخشى ئىنتىپاقلىشىمەن، — دەپتۇ نيۇنيۇ جاۋاب بېرىپ، — ئەمما ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئىنتىپاقلىشىش نىيىتىم يوق.

— بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى ھەيران بولۇپ.

نيۇنيۇ ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مۇبادا ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ بەك ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىپ كەتسە مېنىڭ سىنىپ باشلىقلىق ئوبرازىمغا تەسىر يەتمەمدۇ ؟

## ئانكېتقا يېزىلمىغان مەزمۇن

شىياۋسى ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلىنىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشقا مەجبۇر بوپتۇ، چىرايلىق نۆۋەتچى سېسترا بىر ۋاراق ئانكېتنى ئۇنىڭ تولدۇرۇشىغا بېرىپتۇ. شىياۋسى ئانكېتنى تەلەپ بويىچە تولدۇرۇپ سېستراغا سۇنۇپتۇ. ئۇ ئانكېتنى ئېلىپ، بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— ئانكېت تولدۇرۇش جەريانىدا چۈشۈرۈپ قويغان مەزمۇنلار بارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، — دەپتۇ شىياۋسى بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئۆزۈمنىڭ تېخىچە بويتاق ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى تولدۇرماپتىمەن!

## پۇرسەت كۈتۈش

ساتىراش ئۇستام يول بويىدىكى كىچىككىنە كەپە دۇكىنىنى ئېچىپ تىجارەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ، بىر ئىتنىڭ ھەمىشە خېرىدار ئولتۇرغان ئورۇننىڭ بىر تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالىدىغانلىقى بۇ يەرگە دائىم چاچ ئالدۇرغىلى كېلىدىغان ياش يىگىتنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئۇ بىر قېتىم ناھايىتى ئەجەبلەنگەن ھالدا: — ئۇستام، بۇ سىزنىڭ ئىتىڭىزمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ئۇ مېنىڭ ئىتىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ساتىراش، — ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بىراق ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇۋالىدۇ.

— ئۇنداقتا سىز ئەزەلدىن ئۇنى ىبقۇۋالماپتىكەنسىز دە ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىۋالىدۇ ؟

يىگىتنىڭ كوچىلاپ سوراۋېرىشىدىن بىزار بولغان ساتىراش دەرھال: — ئۇ كىمنىڭ كېسىلگەن قۇلىقى ئالدىمغا چاچراپ چۈشەركىن دەپ پۇرسەت كۈتۈپ ساقلاپ تۇرىدۇ شۇ! — دەپتۇ زەردە بىلەن.

## شۆھرەتپەرەسلىك

ئىدارە باشلىقىنىڭ ھەشەمەتلىك «قىزىلبايراق» ماركىلىق مەخسۇس ماشىنىسى سودا سارىيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئاسەنمۇ نەق ئۆلگۈرۈپ سودا سارىيىدىن چىقىپ كەپتۇ. ئاسەننى كۆرۈپ قالغان شوپۇر كابىنكىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ: — ماشىنىدا باشقا ئادەم يوق، كېلىڭ، ماشىنىغا ئولتۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ. بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشكەن ئاسەن خۇشاللىقىدىن كۆرەڭلىگىنىچە دەرھال ماشىنىغا چىقىپ شوپۇر يېنىدىكى ئورۇنغا ئولتۇرۇۋاپتۇ ۋە كابىنكا ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، يول بويىدىكىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ماشىنىغا ئولتۇرغان ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراشلىرىدىن ھۇزۇرلانغىنىچە روھى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئولتۇراق رايونىغا كېلىۋاپتۇ. «قىزىلبايراق» ماركىلىق ماشىنا ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپ قايتقاندىن كېيىن، ئاسەن دەرھال تاكسى توسۇپ، ئىككى بېكەت يول بېسىپ، يەنە ھېلىقى سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. ساراي ئالدىدىكى ۋېلىسىپىت ساقلاش ئورنىدىن ئۆزىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ مىنگىنىچە يەنە ئۆيىگە قايتىپتۇ.

## ئەپچىل چۈشەندۈرۈش

بىر قېتىملىق تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا «قورقۇپ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىش»، «نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولماسلىق»، «ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك»، «ئىلگىرىكىگە ئوخشاش» قاتارلىق ئىدىيوم سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈۋېتىپ، تۇساتتىن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مۇئەللىمنىڭ دەرس مۇنبىرىنى «پاق» قىلىپ ئۇرۇشى بىلەن تەڭ ھېلىقى ئوقۇغۇچى چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئىتتىك كىتابىنى قولىغا ئېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: — ئۇقتۇڭلارمۇ ؟ «قورقۇپ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىش» دېگەننىڭ ئۆزى مانا شۇ! — دەپ ئاشۇ ئوقۇغۇچىنى كۆرسىتىپتۇ ۋە بۇ سۆزىگە ئۇلاپلا ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سوئال سوراپتۇ، ئوقۇغۇچى دۇدۇقلىغىنىچە جاۋاب بېرەلمەي، بىر ھازا كېكەشلەپ تۇرۇپ قاپتۇ. مۇئەللىم دەرھال: — مانا بۇنى بىز «نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولماسلىق» دەيمىز، بولدى، ئولتۇر! —

www.uyghurkitap.com



دەپ تووۋلاپتۇ. ئوقۇغۇچى «ئۇھ!» دەپ ئۇزاق نەپەس ئالغىنىچە ئولتۇرۇۋاتسا، مۇئەللىم شۇ هامان ئۇنىڭ ئاشۇ هەرىكىتىگە كىنايە قىلىپ تۇرۇپ: ـــ قاراڭلا، ئۇ ئاخىر «ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇش» دېگەن ئىدىيۇمنى بىزگە ئەمەلىي يېشىپ بەردى، ـــ دەپتۇ.

مۇئەللىم دەرس مۇنبىرىگە قايتىپ كېتىۋاتسا، هېلىقى ئوقۇغۇچى بېشىنى قايتىدىن شىرەگە قويۇپ يەنە خورەك تارتقىلى تۇرۇپتۇ. خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان مۇئەللىم شاققىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئاچچىقى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ـــ مانا، مانا! «ئىلگىرىكىگە ئوخشاش» دېگەن ئىدىيۇمنىڭ مەنىسى بۇ هاماقەتنىڭ هەرىكىتىدە ئىپادىلەندى، ـــ دەپتۇ. مۇئەللىم ئاخىر بۈگۈن ئۆتۈلىدىغان تۆت ئىدىيوم سۆزنىڭ ئىزاهاتىنى هېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ هەرىكىتى بىلەن باغلاپ ئەنە شۇنداق يېشىپ بېرىپتۇ.

## كۆپ ئىقتىدارلىق سائەت

داۋىي ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تېجەپ يىغقان پۇلىغا سائەت دۇكىنىدىن بىر سائەت سېتىۋاپتۇ.

بىر مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن سائەتنىڭ توغرا ماڭمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن داۋىي دەرهال سائەت دۇكىنىغا بېرىپ، پىركازچىكقا تازا خاپا بولۇپ سۆزلەپتۇ:

ـــ بۇ سائەت بەك ناچار چىقىپ قالدى، هاۋا سوغۇق چاغلاردا ناهايىتى تېز ماڭىدۇ، هاۋا ئىسسىق چاغلاردا بولسا ئاستىلىۋالىدۇ، ۋاقىتنى زادى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ!

بۇنى ئاڭلىغان پىركازچىك تەبەسسۇم بىلەن:

ـــ سىز دېگەن بۇ تەرەپلەر دەل بۇ سائەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇنى ئىسسىق، سوغۇقنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئىشەنچلىك سائەت دېيىشكە بولىدىكەن! ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كۆكتات يەپ گۆش يېمەيدىغان بۆرە كۈچۈكى

بۆرە ئانا بىلەن بۆرە دادا ئۆز كۈچۈكىنىڭ ئىستىقبالىدىن هەمىشە غەم يەيدىكەن، چۈنكى بۆرە كۈچۈكى كىچىكىدىن باشلاپلا گۆش يېمەي كۆكتات يېيىشكە ئادەتلەنگەنىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ئۆز كۈچۈكىنىڭ كىچىك ئاق توشقاننى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇشاللىنىپتۇ ۋە بالىسىنىڭ توشقاننى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپتۇ.

بۆرە كۈچۈكى خېلى ئۇزاق قوغلاپ، ئاخىر ئاق توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. بۆرە ئانا بىلەن بۆرە دادا ئۇنىڭ ئاجايىپ ئاچچىقلانغان هالدا كىچىك ئاق توشقانغا:

ـــ قولۇڭدىكى سەۋزىنى دەرهال ماڭا تاپشۇر! ـــ دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

## ئىككى خىل ئېھتىماللىق

بىر قېتىم كۈنى ۋېيكا بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى تام مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. ئاپىسى ۋېيكانىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ـــ ئېھتىمال دەرياغا چۆشكىلى كەتتىمىكىن دەيمەن.

ئاپىسى شۈبھىلەنگەن هالدا يەنە سوراپتۇ:

ـــ ئۇ دەرياغا چۈشۈپ نېمە قىلماقچىكەن؟

ـــ بۇنىڭدا ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋېيكا، ـــ ئەگەر دەرياغا قېلىن مۇز تۇتقان بولسا، بەلكىم هازىر مۇز تېيىلىۋاتقاندۇ؛ مۇبادا نېپىز مۇز تۇتقان بولسا، بۇ چاغقىچە دەريا ئىچىدە يۇيۇنۇۋاتىدىغۇ دەيمەن!...

ئېرشادى تەرجىمىسى

## بىلدۈرگۈ

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ توپ تارقىتىش ئىشلىرىنى ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسى بېجىرىدۇ. جايلاردىكى شەخسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسىنىڭ ئادرېسى:

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدا)

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2850601 ـ 0991

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



ئېلى ئىسمائىل سىزغان



ئەكبەر تۇرسۇن سىزغان



# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040